بسم الله الرحمن الرحيم




**﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾**

**(13 ـ سۈرە/ رەئد 28 ـ ئايەت)**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

2014- يىللىق 2- سان (ئومۇمىي 2- سان)

**باشقۇرغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**تۈزگۈچى:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى

**باش نازارەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۆھتەرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولla ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كورېكتور:** گۈلشەھەر نىغمەت

**تېخنىكا يېتەكچىسى:** مۇھەممەدتوختى قۇربانىنىياز

**بەتچىلىك:** مۇھەممەدئەمىن ئاتاۋۇللا، ئابدۇللا ئابدۇراخمان

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۆھتەرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولla ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولla ھاجى، سۇلايمان ھەمدۇللا قارىھاجى، قاھار ئوسمان دامولla ھاجى، ئابدۇقادىر نۇر دامولla ھاجى، نەسىردىن دامولla ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولla ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولla ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولla ھاجى، ئابدۇرەئۇف دامولla ھاجى، تۇرسۇن راخمان دامولla ھاجى، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولla، مەسئۇد دامولla ھاجى، مۇھەممەدئەمىن خۇدابەردى دامولla، ئوسمان ساۋۇت دامولla، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولla، بەركىتۇللا دامولla، ئابدۇراخمان مۇھەممەد دامولla، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# مۇندەرىجە

## ۋەز- تەبلىغلەر


پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى .... 1
ئىسلام دىنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپ، ھاللىق
سەۋىيەگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .............. 12
ئەزان ۋە تەكبىر ھەققىدە.................... 33
پەرىشتەلەرگە ئىمان ئېيتىش .................... 50


## ئىسلام دىنى تەتقىقاتى


ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى .................... 65


## ئۆگىنىش گۇلزارى


ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........69


## ئۆلىمالىرىمىز


مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجى ھەققىدە.................84


## پايدىلىنىۋېلىڭ


ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى.....................92

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش ــ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى؛ ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. ئىماملىرىمىزنىڭ فېۋرالدىكى جۈمە كۈنلىرى مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا ۋەز سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ خَالِقِ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضَ وَجَاعِلِ الظُّلُمَاتِ وَالنُّوْرَ وَصَلَّى اللهُ عَلٰى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ خَاتِمِ الْأَنْبِيَاءِ وَالرُسُلِ أَجْمَعِيْنَ بَشَرَ وَأَنْذَرَ وَوَعَدَ وَأَوْعَدَ أَنْقَذَ اللهُ بِهِ الْبَشَرَ مِنَ الضَّلاَلَةِ وَهَدَى النَّاسَ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيْمٍ صِرَاطَ اللهِ الَّذِيْ لَهُ مَا فِي السَّمَوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ أَلاَ إِلَى اللهِ تَصِيْرُ الْأُمُوْرُ وَأَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُوْلِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْ اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثِيْرًا﴾

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ!

ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز!

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق زات ئىكەنلىكى ۋە پەزىلىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

## شان ـ شەرىپى ۋە پەزىلىتى

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَّمُبَشِّرًا وَّنَذِيْرًا وَّدَاعِيًا إِلَى

اللهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجًا مُّنِيْرًا﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىرادىمىز بىلەن يولىمىزغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾ (33 ـ سۈرە/ئەھزاب 44~45 ـ ئايەتلەر).

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ (21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 107 ـ ئايەت).

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿قَدْ أَنْزَلَ اللهُ إِلَيْكُمْ ذِكْرًا رَّسُوْلًا يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِ اللهِ مُبَيِّنَاتٍ لِّيُخْرِجَ الَّذِيْنَ آمَنُوْا وَعَمِلُوْا الصَّالِحَاتِ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوْرِ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە قۇرئاننى نازىل قىلدى. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرگە ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى﴾ (65 ـ سۈرە/تالاق 9~10 ـ ئايەتلەر).

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّنْ رِّجَالِكُمْ وَلٰكِنْ رَّسُوْلَ اللهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّيْنَ وَكَانَ اللهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيْمًا﴾

﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ (33 ـ سۈرە/ئەھزاب 40 ـ ئايەت).

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَثَلِي وَمَثَلُ الأَنْبِيَاءِ كَمَثَلِ قَصْرٍ أُحْسِنَ بُنْيَانُهُ، تُرِكَ مِنْهُ مَوْضِعُ لَبِنَةٍ، فَطَافَ بِهِ النُّظَّارُ يَتَعَجَّبُوْنَ مِنْ حُسْنِ بُنْيَانِهِ إِلاَّ مَوْضِعُ تِلْكَ اللَّبِنَةِ لاَ يَعِيْبُوْنَ سِوَاهَا، فَكُنْتُ أَنَا سَدَدْتُ مَوْضِعَ تِلْكَ اللَّبِنَةِ، خُتِمَ بِيَ الْبُنْيَانُ، وَخُتِمَ بِيَ الرُّسُلُ» ]

[ وَفِي رِوَايَةٍ: «فَأَنَا اللَّبِنَةُ وَأَنَا خَاتِمُ النَّبِيِّيْنَ» ]

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ۋە پەيغەمبەرلەر ئىنتايىن چىرايلىق ياسالغان، لېكىن بىر كېسەكنىڭ ئورنى تاشلاپ قويۇلغان قەسىرگە ئوخشايمىز. كۆرگۈچىلەر ئۇ قەسىرنى ئايلاندى، ئۇلار ئاشۇ بوش قويۇلغان كېسەكنىڭ ئورنىدىن باشقا، ئۇ قەسىرنىڭ چىرايلىق قۇرۇلمىسىدىن ھەيران قالدى. مەن ئاشۇ كېسەكنىڭ ئورنىنى تولدۇردۇم. مەن بىلەن بىنا تاماملاندى ۋە مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر تاماملاندى».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن (ئاشۇ بىر تال) كېسەكتۇرمەن ۋە مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ھۆرمەتلىك جامائەتلەر، تۆۋەندە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

## قىسقىچە تەرجىمىھالى

دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 571- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى (رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 9- كۈنى)، دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلدى. شۇ يىلى پىل ۋەقەسى بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق بولغاندا ئاتىسى ئابدۇللا ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىم ھالەتتە دۇنياغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەنى سەئدى قەبىلىسىدىكى ھەلىمە دېگەن ئايال ئېمىتتى. بۇ جەرياندا ھەلىمە ئائىلىسىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كۆپلىگەن بەرىكەتلەر ياغدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە يېشىدا ئانىسى ئامىنەدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەللىب ئۆز تەربىيەسىگە ئالدى. سەككىز ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا بوۋىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئاخىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى ئەبۇ تالىپ ھىمايىسىگە ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12 يېشىدا ۋە 25 يېشىدا تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن سۇرىيەگە ئىككى قېتىم تىجارەت قىلىشقا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 يېشىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خەدىچە

ئانىمىزغا ئۆيلەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئوزۇقلۇق تەييارلاپ بېرىشى بىلەن ھىرا غارىغا چىقىپ ئىبادەت قىلاتتى. بۇ جەرياندا ئاسمان-زېمىن ھەققىدە ۋە قەۋمىنىڭ قىلىۋاتقان خاتا ئىشلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى. شۇنداق قىلىپ 40 ياشقا تولغان ۋاقتىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئېلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ يىل مەخپىي دەۋەت ئېلىپ باردى. ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەندىن كېيىن تاكى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانغا قەدەر قۇرەيشلەردىن تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ھەممىگە سەبرى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 622- يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى قۇبادا ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە مەسجىد سېلىش بولدى.

ئاندىن كېيىن ئەنسارىيلار بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كېلىشىم تۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ھاياتىدا بەدرى ئۇرۇشى، ئۇھۇد ئۇرۇشى، خەندەك ئۇرۇشى، ھۇدەيبىيە سۈلھىسى، مەككىنى پەتھى قىلىش، تەبۇك ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 11- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12- كۈنى دۈشەنبە 63 يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى بىلەن باشقا كىشىلەرنىڭ تارىخى ئوخشىمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە ئىشەنچلىك مۆتىۋەر مەنبەلەردىن ئېلىنغان.

بىزدە ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىغا سەل قارالغان ئىدى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە خۇشاللىنارلىق ئىش شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى تونۇشتۇرۇلغان، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان

بىر نەچچە خىل كىتابلار بارلىققا كەلدى. شۇڭا بىز چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت نېمە؟

## سىيرەت ئۆگىنىشتىكى مەقسەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت، ھەرگىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى بىلىپ قويۇشلا ئەمەس ياكى شۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاساسىي مەقسەت، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئەمەلىي تەتبىقلانغان ھالدا چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلىشىمىز مۇمكىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتى، ئەقىل ـ پاراستى بىلەن قەۋمىنىڭ ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تارىخى شەخس بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي چۈشكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىش.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېسىپ ئۆتكەن ۋەقەلىكلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ۋە قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدا قەيت قىلىنغان.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش مۇسۇلمانلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّوْنَ اللّٰه فَاتَّبِعُوْنِيْ يُحْبِبْكُمُ اللّٰه وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّٰه غَفُوْرٌ رَّحِيْمٌ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 31 ـ ئايەت).

4. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ياخشى ئۆگەنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەممە ئىشتا ياخشى ئۈلگە قىلالايدۇ.

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيْ رَسُوْلِ اللّٰهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْا اللّٰه وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللّٰه كَثِيْرًا﴾

﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (33 ـ سۈرە/ئەھزاب 21 ـ ئايەت).

5. ئىلگىرىكى تەپسىرشۇناسلار، ھەدىسشۇناسلار، فىقھى ئالىملىرى، دەۋەتچىلەر، تەربىيەتچىلەر، ئىماملار ۋە ھەر ساھەدىكى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ياخشى ئۆگەنگەچكىلا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن.

## سىيرەت دېگەن نېمە؟

«سىيرەت» دېگەن لۇغەتتە يول، شەكىل دېگەن مەنىلەردە؛ شەرىئەتتە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ھاياتىنى، سۆزلىرىنى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەلەپ سالىھلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى قەدىرلەيتتى ۋە ئۇنى خۇددى «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىنى يادلىغاندەك يادلىۋالاتتى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلاتتى.

ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

[ كُنَّا نُعَلِّمُ مَغَازِيَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَمَا نُعَلِّمُ السُّوْرَةَ مِنَ الْقُرْآنِ ]

«بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەغازىلىرىنى خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتۇق» (سىيرەتۇ ئىبنى كەسىر).

ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

[ كَانَ أَبِيْ يُعَلِّمُنَا مَغَازِيَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَيَعُدُّ عَلَيْنَا وَسَرَايَاهُ وَيَقُوْلُ: يَا بُنَيَّ هَذِهِ مَآثَرُ آبَائِكُمْ فَلَا تُضَيِّعُوْا]

«دادام بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەغازىلىرىنى ئۆگىتەتتى ۋە ساناپ بېرەلەيتتى، ۋە: بۇ بولسا ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىش ئىزلىرى، ئۇنى زايە قىلىۋەتمەڭلار، دەيتتى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى توپلاش ئىشى ھەدىسنى توپلاشتىن كېيىن باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاش بولسا، رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇ زاتنىڭ رۇخسىتى بىلەن، بەلكى بۇيرۇقى بىلەن بولغان.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىش پائالىيەتلىرىنى توپلاش ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان. بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى تۇنجى باشلىغانلار بولسا، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئەببان ئىبنى ئوسمان، ۋەھبى ئىبنى مۇنەببەھ، شۇرەھبىل ئىبنى سەئدى ئىبنى شىھاب زۇھرى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلار.

سىيرەت ئىبنى ھىشام ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە ساقلانغان.

مۆھتەرەم قېرىنداشلار! بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى يېزىلغان كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇيلى! ئۆز-ئارا بىر-بىرىمىزگە سوۋغات قىلىشايلى! ئۇ زاتنى ئەسلەپ مەرسىيەلەر يېزىشىپ،

پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئىپادىلەيلى. شۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان مۇشۇنداق مۇبارەك ئايلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغايلى!

تۆۋەندە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنى چۈشىنىشتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

## سىيرەت ئۆگىنىشنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ھەدىسنى چۈشىنىشتىكى ئەھمىيىتى

ساھابىلەردىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى:

﴿إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَائِرِ اللهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَا﴾

﴿سەفا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾ **(2 ـ سۈرە/بەقەرە 158 ـ ئايەت)** دېگەن مۇشۇ ئايەتنى خاتا چۈشىنىپ قالغان. يەنى «سەفا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلمىسا گۇناھ يوق» دەپ چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن توغرا سۆزلىمىدىڭ، چۈنكى بۇ ئايەت خۇددى سەن چۈشەنگەندەك بولسا، سەفا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىنى سەئيى قىلمىغان كىشىگە گۇناھ بولمىغان بولاتتى. لېكىن بۇ ئايەت ئەنسارىيلار ھەققىدە چۈشكەن. ئەنسارىيلار مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن مەنات دېگەن بۇت ئۈچۈن ئېھرام باغلايتتى». مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇ توغرۇلۇق سورىدى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سەفا ۋە مەۋرە ئوتتۇرىسىنى سەئيى قىلىشنى گۇناھ دەپ ھېس قىلىۋاتىمىز». شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتنى چۈشۈرگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىنى سەئيى قىلىشنى يولغا قويدى. شۇڭا سەئيى قىلغان كىشىگە گۇناھ يوق» دېدى. (بۇخارى)

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى بىلمىگەندە قۇرئان كەرىمنى خاتا چۈشىنىش كېلىپ چىقىدۇ. يەنە ساھابىلەردىن قۇددامە ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە مائىدەدىكى:

﴿لَيْسَ عَلَى الَّذِيْنَ آمَنُوْا وَعَمِلُوْا الصَّالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيْمَا طَعِمُوْا إِذَا مَا اتَّقَوْا وَّآمَنُوْا وَعَمِلُوْا الصَّالِحَاتِ ثُمَّ اتَّقَوْا وَّآمَنُوْا ثُمَّ اتَّقَوْا وَّأَحْسَنُوا وَاللّٰه يُحِبُّ الْمُحْسِنِيْنَ﴾

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ساقلىنىپ ئىماندا چىڭ تۇرغان ھەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) داۋاملىق ساقلىنىپ ئىماندا چىڭ تۇرغان بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ئىزچىل تۇردە ساقلىنىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ (ئىلگىرى) يېگەن ـ ئىچكەنلىرىدە ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اللّٰه ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى خاتا چۈشىنىپ قالغان.

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇددامە ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەھرەيىنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. قۇددامە ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى ئايەتنى خاتا چۈشىنىپ قىلىپ ھاراق ئىچكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچكەننىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئى قۇددامە مەن ساڭا دەررە ئۇرۇش جازاسىنى بېرىمەن.

قۇددامە مۇنداق دېدى: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئەگەر ئىش ئۇلار دېگەندەك بولسا، سېنىڭ ماڭا دەررە ئۇرۇشۇڭ دۇرۇس ئەمەس.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇددامە يۇقىرىقى ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. ھەم مۇنداق دېدى: مەن بولسام ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن كېيىن ھارام ئىشلاردىن ساقلانغان ۋە ئىمان ئېيتقان ئاندىن كېيىن ھارام ئىشلاردىن ساقلانغان ۋە ياخشى

ئەمەللەرنى قىلغان كىشىمەن، مەن بولسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بەدرى ئۇرۇشى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشى ۋە خەندەك ئۇرۇشى ۋە كۆپلىگەن ئۇرۇشلارغا قاتناشتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرگە ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەرمەسلىكلەر دېۋىدى، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت ئۆتكەندىكىلەرگە ئۆزرە، كېيىنكىلەرگە ھۆججەت بولۇپ چۈشكەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوْهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُوْنَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئىلاھ قىلىپ تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش پەقەت شەيتاننىڭلا ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾ **(5 ـ سۈرە/مائىدە 90 ـ ئايەت)**، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: راست ئېيتتىڭ، دېدى. **(ھاكىم)**

ئەسكەرتىش: ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلگەچكە، قۇددامەگە توغرا رەددىيە بەردى. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى توغرىسىدا، بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرسى ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى. ھاراق ھارام قىلىنغان ۋاقىتتا بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچكەن، ئۆلۈپ كەتكەن دوستلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئايەت (5 ـ سۈرە/مائىدە 93 ـ ئايەت) نازىل بولدى.

ئەگەر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلمىسەك، «قۇرئان كەرىم»نى خاتا چۈشىنىپ قالىمىز ھەم كىشىلەرگە توغرا چۈشەنچە، رەددىيە

بىرەلمەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخنى ئۆگىنىش ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەسىلەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[ تَوَضَّؤُوا مِمَّا مَسَّتْهُ النَّارُ ]

«ئوت يەتكەن نەرسىلەردىن تاھارەت ئېلىڭلار!» دېدى. (مۇسلىم).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تاھارەت ئېلىڭلار» دېگەن سۆزىدىن ئوت يەتكەن نەرسىلەردىن تاھارەت ئېلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمگە بىر تۈركۈم ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار قايىل بولغان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدا كەلگەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بۇ ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ تاغاق سۆڭىكىنى يېدى، ئاندىن كېيىن تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇدى. (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستىمۇ يۇقىرىقىدەك بايان بار. بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئىشنىڭ ئاخىرقىسى ئوت ئۆزگەرتكەن نەرسىدىن تاھارەت ئالماسلىق. (ئەبۇ داۋۇت)

ئاخىرىدا قېرىنداشلىرىمىزغا تەۋسىيە قىلىدىغىنىمىز، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنى ئادا قىلىشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر ۋاقىت، ھەر قاچان بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى داۋاملىق ئۆگىنىپ تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْن

# ئىسلام دىنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلَّهِ، نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا ، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا اتَّقُوْا اللهَ وَقُوْلُوْا قَوْلًا سَدِيْدًا يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُّطِعِ اللهَ وَرَسُوْلَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيْمًا﴾

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ!

ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز!

ئىسلام دىنى بولسا ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ھاياتلىقىمىزغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىشلەشنى، تىرىشچانلىقنى ۋە تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۇكەممەل بىر دىن بولۇش سۈپىتى

بىلەن، ھەرقـايىســـى زامـان ۋە مـاكـانـدىكى پۈتكۈل ئىنســانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شـەخس ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغـان ھەرقـانـداق ئىشــقا چاقىرغان. مەيلى ماددىي جەھەتتىن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولســۇن يامان ۋە زىيانلىق ھەرقانداق ئىشــتىن توســقـان. ھەرقـانداق ئىشــقا ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇۋاپىق يولنى تاللاپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىسلام دىنىمىز ئىككى ئالەملىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىككى ئالەملىك قاراشنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان دىندۇر.

مېھرىبان رەببىمىز ئاللاھ تائالا بۇ دىننى بىزگە تاللاپ بەرگەن:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿اَلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِيْنَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِيْ وَرَضِيْتُ لَكُمُ الْإِسْلاَمَ دِيْنًا﴾

﴿بۈگۈن ســـىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، ســـىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىســـلام دىنىنى ســـىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشـــقا تاللىدىم﴾ **(5 ـ سۈرە/مائىدە 3 ـ ئايەت)**.

بۇ دىننى بىزگە تاللاپ بەرگەن رەببىمىز، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزگە بۇ دىننى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشـــىنىشـــىمىز ئۈچۈن، شـــۇنداقلا بۇ دىننى ھاياتقا قانداق تەتبىقلاشـــنى، دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىكنى قانداق ماســلاشـــتۇرۇشـــنى ئۆگىتىش ۋە بۇ جەھەتتە ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىســـى بولغـــان، ئـــالەملەرگە رەھمەت قىلىـــپ ئەۋەتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىزگە پەيغەمبەر قىلىپ تاللاپ ئەۋەتكەن:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز پۈتكۈل ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ **(21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)**.

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُوْلِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْ اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيْرًا﴾

﴿سىلەرگە ــــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (33 ـ سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئارزۇسى بىلەن مال ـ دۇنياغا بولغان ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىقنىڭ، مال ـ دۇنيا تېپىشقا تىرىشماسلىق بىلەن ئاخىرەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىشتا پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن كۆرسەتمىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم:

[ تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلُّوْا مَا تَمَسَّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ اللَّهِ وَسُنَّةَ نَبِيِّهِ ]

«مەن سىلەرگە ئىككى (گۆھەر)نى قالدۇردۇم، سىلەر شۇ بويىچە ئىش تۇتساڭلار، ھەرگىز يولۇڭلاردىن ئېزىپ قالمايسىلەر، بۇ ئىككى (گۆھەر): ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسلىرىدۇر» (مالىك).

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىسلام دىنىمىز ئىنسانلارنى مەيلى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، خەتەرلىك پاجىئەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىشتىن ساقلايدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى دۇنيانى دەپ ئاخىرەت مۇكاپاتىدىن قۇرۇق قالدىغان، ئاخىرەتنى دەپ دۇنيادىكى ماددىي مەئىشەتلەردىن قۇرۇق قالىدىغان نەزەرىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە، مۇسۇلمانلاردىن ھەر قانداق ئىشتا چېكىدىن ئاشماسلىق ۋە مۆۋاپىق بولۇشنى، بولۇپمۇ ئۇ ئىشنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس مەزمۇنىغا ھەم تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەدىس تەلىماتلىرىدىكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال كەسىپكە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قاتار تەرغىباتلار بولسا بىزنىڭ ئىقتىسادىي كۆز قارىشىمىزغا ۋە ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىمىزگە قويۇلغان ئاساسىي تەلەپلەردۇر.

دىنىمىز كىشىلەرنى، مەيلى قانداق كاتتا ئىگىلىك تىكلەش ئىشى

بولسۇن، ياكى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئاددىي سانىلىدىغان ئىش بولسۇن، شۇ ئىشنى ھالاللىق بىلەن قىلىشقا، ھالالدىن رىزىق تېپىپ يېيىشكە ئۈندەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ لَيَأْتِين عَلىٰ النَّاسِ زَمٰانٌ لاَ يُبَالِي الْمَرْأُ بِمَا أَخَذَ الْمَالَ أَمِنْ حَلاَلٍ أَمْ حَرَامٍ ]

«كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا كىشى مال ـ دۇنياغا قەيەردىن ئېرىشتى؟ ھالالدىن ئېرىشتىمۇ ياكى ھارامدىن ئېرىشتىمۇ؟ قەتئىي پەرۋا قىلمايدۇ. مال ـ دۇنيانى دەپ ھارامدىن قورقمايدۇ» (بۇخارى، نەسائى).

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

[ وَإِنَّ اللّٰه إِذَا حَرَّمَ عَلىٰ قَوْمٍ أَكَلَ شَيْءٍ حَرَّمَ عَلَيْهِمْ ثَمَنَهُ ]

«ئاللاھ تائالا قانداق بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلغان» (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد).

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاللاھ تائالا ئىنساننى نورمال ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇۋاپىق بولغان ماددىي ئىستېمال بىلەن، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش شەرتى ئاساسىدا ياراتقان. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا سەل قاراشقا بولمايدۇ. لېكىن ئىقتىساد، پۇل ـ مال، ئابرۇي ـ ئىناۋەتكىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ بىرلىك ـ بارلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھەممە مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ھەممە مەۋجۇداتقا ئۆزىگە تېگىشلىك رىزىق، نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولغان بۇ خىل نېگىزلىك ئېتىقادتىن تەۋرەنمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇڭا، بىز تۆۋەندە بۇ جەھەتتىكى بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

## 1. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش

ئىسلام دىنىمىز ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەرگىزمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويغان ئەمەس، ئۇ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت

بېرىپ، كەمبەغەللىكنى مۇقەددەس بىلىۋالىدىغان خاتا كۆز قاراشلارنى رەت قىلىپ ۋە نامراتلىق مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، نامراتلىقنى يىلتىزىدىن يوقىتىشتا، شۇنداقلا، ئىنساننى نامراتلىق بېسىمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن دىن بولۇپ، بىكار تەلەپلىكنى، ھورۇنلۇقنى، باشقىلارغا تايىنىۋېلىشنى ئەيىبلىگەن. چۈنكى بىكار تەلەپلىك دۇنيادىكى ئەڭ ناچار ۋە ئوسال ئىللەت. ئۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىگە، جەمئىيەتكە بىۋاستە يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇلارغا ئەمەلىي زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىمىز بىكار تەلەپلىكنى، ھورۇنلۇقنى ياقتۇرمايدۇ، كىشىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەشكە ۋە تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن (ئاسمان ـ زېمىندىن) رىزىق ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ نۇقتا سەدىقە ـ زاكاتلارنى تارقىتىشتا ئۆز ئېپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ھاجەتمەنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا بۇيرۇغان. دەل مۇشۇ ئىدىيە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقە، ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل ئىرقتىكى ھەممە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بىر نىشانغا يىغىپ، ئورتاق تىرىشىدىغان، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان، ئىناق ـ ئىتتىپاق گۈزەل بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئورتاق ھالدا ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن ھەممەيلەن تەڭ قولنى قولغا تۇتۇپ، ئالغا بېسىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقايسىمىزنىڭ ھورۇنلۇق قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللهَ سَخَّرَ لَكُمْ مَّا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً﴾

﴿بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېئمەتلەرنى كامالەتكە

يەتكۈزۈپ بەردى﴾ (31 ـ سۈرە/لوقمان 20 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ، بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېئمەتلەرنى كامالىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. مانا بۇ ئىنساننىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى يۈكسەك قىممىتى. بۇ بايانلار ئىنساننىڭ زېمىندا ياشاپ، زېمىندا (بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى بېسىپ زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى) خەلىپە بولۇش مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن، ئەنە شۇ نېئمەتلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ زېمىننى گۈللەندۈرۈشى، ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىششى لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

[ اِغْتَنِمْ خَمْسًا قَبْلَ خَمْسٍ: حَيَاتَكَ قَبْلَ مَوْتِكَ، وَصِحَّتَكَ قَبْلَ سَقَمِكَ، وَفَرَاغَكَ قَبْلَ شُغْلِكَ، وَشَبَابَكَ قَبْلَ هَرَمِكَ، وَغِنَاكَ قَبْلَ فَقْرِكَ ]

«بەش نەرسىدىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىيمەت بىل، يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ھاياتلىقنى، كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن سالامەتلىكنى، ئالدىراشلىقتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىنى، قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىقنى، نامراتلىقتىن بۇرۇن بايلىقنى قەدىرلە» (بۇخارى) دېگەن سۆزى بۇ نۇقتىنى بىزگە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق، تىرىكچىلىك ئىشلىرىمىزدا ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە ئىلھام بەرگەن. چۈنكى، كىشىلىك ھاياتتىكى سالامەتلىك، پۇرسەت ۋە ياشلىق ھەم ماددىي بايلىق قاتارلىقلار بىزنى دىنىي پائالىيەتلەرنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىش، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەشھۇر ساھابىلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

[ اِعْمَلْ لِدُنْيَاكَ كَأَنَّكَ تَعِيْشُ أَبَداً، وَاعْمَلْ لِآخِرَتِكَ كَأَنَّكَ تَمُوْتُ غَداً ]

«بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك؛
ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك».

ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مۇشۇ ئەقىدە بويىچە، ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنىلا ئويلىماستىن، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ تىرىشىدىغان، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە ئاكتىپ تۆھپە قوشىدىغان، شۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككىلا ئالەمنىڭ بەخت-سائادىتىنى تەڭ ئويلايدىغان سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ ياشىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مال-دۇنيا ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالمىغان ئىدى. ئەكسىچە ئۇلار بۇ ئىقتىساد ئارقىلىق دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتكەن، ھەمدە بۇ ئىقتىسادنىڭ بىر نېئمەت ئىكەنلىكىنى، بۇ نېئمەتنىڭ مەقسەتسىزلا بېرىلمەستىن، بەلكى بۇيۈك بىر غايە ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى، قىيامەت كۈنى بۇ نېئمەت توغرىلىق چوقۇم ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار دائىم ماللىرىدىن سەدىقە-زاكاتلارنى ئايرىپ، تەۋەسسىدىكى يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مىسكىنلەرنى يوقلاپ تۇراتتى. بۇ ئارقىلىق باي-كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدا ئىنساني مېھرى-مۇھەببەت شەكىللىنىپ، يۇقىرى - تۆۋەن، ئاجىز-كۈچلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشاتتى، بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىشاتتى. بىر-بىرىنىڭ مال-دۇنياسى ۋە يۈز ئابرۇيىنى قوغدىشاتتى. ئۇلار ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق ھالدا باياشات تۇرمۇشقا يېتىش ئارزۇسىدا بولغان ئىدى. نەتىجىدە ھەقىقەتەن شۇنداق بىر جەمئىيەت بەرپا بولدى.

تارىختىن مىسال ئالىدىغان بولساق:

ھىجرىيەنىڭ 9- يىلىدىكى تەبۇك غازىتىدا ساھابىلەر ئاللاھ تائالا

ئاتا قىلغان بايلىقنى كۆپلەپ سەدىقە قىلغان ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت قولىنى كەڭرى ئېچىۋەتكەن ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەق پۇلدىن باشقا 900 تۆگە، 100 تۇياق ئېگەر جابدۇقلۇق ئات ئىئانە قىلغانىدى.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىشقا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىگە ھېچنېمە قالدۇرمىغانىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئېتىقاد دېگەن ئادەمنىڭ قەلبىدىلا ساقلىنىپ قالىدىغان ئۇقۇم ياكى ئېغىزدىلا دەپ قويىدىغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالا يەككە ـ يېگانىدۇر ۋە بارلىق كائىنات ھەم مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسىدۇر، دېگەن مۇشۇ ئىشەنچ ئاساسىدا، ئىماننىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى ۋە نامايەندىسى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا ۋە تۈرلۈك ئىنشائاتلارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە، ئاجىز ـ مېيىپلارغا ، ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرگە ھەقىقىي ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، جامائەت پاراۋانلىقى ۋە كېلەچىكىمىزنىڭ ئاساسى بولغان ئىلىم ـ مائارىپ ئىشلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل ـ مال چىقىم قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلەردىن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چىن دىلىدىن ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ۋە ئۇنىڭغا بوشاڭلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوْا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوْا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوْا اللّٰه كَثِيْرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُوْنَ﴾

﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشـــغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقســتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾ (62 ـ سۈرە/جۇمۇئە 10 ـ ئايەت).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىقى ئايەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە نىسبەتەن قانداقتۇر بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە تۇتماستىن، يەنى دۇنيانى دەپ ئاخىرەتتىن، ئاخىرەتنى دەپ دۇنيادىن قۇرۇق قالماستىن، بەلكى ھەر ئىككىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قايسىسىنىڭ ۋاقتى ـ پۇرسىتى كەلگەندە شۇنى ئەستايىدىل قىلىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىغا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە قۇلچىلىقىدا بولىدىغان ۋاقىت كەلگەندە پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىزنى ئىبادەتكە بېغىشلىشىمىز، دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشىدىغان ۋاقتىمىز كەلگەندە دەل شۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشىمىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 2. ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىش

ئىسلام دىنىمىز ئىنسانغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە تونۇتتى. ئاللاھ تائالا مانا مۇشۇ ئىسلام دىنىنى بىزگە نېئمەت قىلىپ بېرىپ، بىزنى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۈردى ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەن بارلىق مەخلۇقاتلارنى بىزنىڭ مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِيْ آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلىٰ كَثِيْرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيْلاً﴾

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾ (17 ـ سۈرە/ئىسرا 70 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنى ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىدۇر. ئىسلام دىنىمىز ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنى ۋە نامراتلىقنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىشتە يەنىلا ئىنساننىڭ ئاشۇ بۈيۈك ھۆرمىتىنى قەدىرلەپ، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتى بولغان ھاللىق سەۋىيەدىكى تۇرمۇش نىشانىغا يېتىشتە يەنىلا ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ لَأَنْ يَحْتَطِبَ أَحَدُكُمْ حُزْمَةً عَلىٰ ظَهْرِهِ ، خَيْرٌ مِّنْ أَنْ يَّسْأَلَ أَحَداً ، فَيُعْطِيَهُ أَوْ يَمْنَعَهُ ]

«سىلەردىن بىرسىنىڭ ئۆشنىسىگە بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ كېلىپ ئۇنى سېتىپ جان باقىنى، مەيلى بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن، باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلىگىنىدىن ياخشىدۇر» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

دېمەك، بۇ ھەدىس مەزمۇنىدىن شۇ نەرسە ئېنىق بولىدۇكى، مەيلى تاغدىن ياكى جاڭگالدىن ئوتۇن كېسىپ يۈدۈپ كېلىپ ساتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىنساننىڭ باشقىلاردىن تىلىمەستىن، ئۆز قىيىنچىلىقىنى ئۆزى ھەل قىلىپ، ئۆز قىممىتىنى ئۆزى تىكلىشى، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىگە تايىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەكلىكى تەشەببۇس قىلىنغان.

ئۆز كۈچىگە تايىنىش بولسا ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ چىقىش يولى؛ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

[ مَنْ أَصابَتْهُ فَاقَةٌ فَأَنْزَلَهَا بِالنَّاسِ لَمْ تُسَدَّ فاقَتُهُ ، وَمَنْ أَنْزَلَهَا بِاللهِ ، فَيُوْشِكُ اللهُ لَهُ بِرِزْقٍ عَاجِلٍ أَوْ آجِلٍ ]

«كىمكى نامراتلىققا دۇچار بولۇپ قېلىپ، بۇنى كىشىلەرگە تايىنىش ئارقىلىق تۈگەتمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ نامراتلىقى تۈگىمەيدۇ. كىمكى ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە تايىنىپ تۈگەتمەكچى بولىدىكەن، ئاللاھ

تـائـالا ئۇنـىڭ نامراتلىقنى تېز كېلىدىغان ياكى كېيىن كېلىدىغان رىزقى بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي).

دېگەن ســۆزنىڭ مەزمۇنىغا ئاســاســەن شــۇنداق دېيەلەيمىزكى، قــانـداقلىكى بىر ئـادەم نـامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھـاللىق ســەۋىيەگە يېتىشـنى، باياشـات ياشـاشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تـائالادىن نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشــنى تىلەش بىلەن بىللە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىشـچانلىق كۆرسـتىپ، ئاشـۇ رىزىقلارنى تىرىشـىپ قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق نامراتلىقنى يوقىتىشى ۋە ھەل قىلىشى، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ھۆرمىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىشى ئۇنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچىدۇر.

مۇسـۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئەنسارىيلار ئىچىدىن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىندىشى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

[ أَخِيْ أَنَا أَكْثَرُ أَهْلِ الْمَدِيْنَةِ مَالاً فَانْظُرْ شَطْرَ مَالِيْ فَخُذْهُ وَتَحْتِيْ إِمْرَأَتَانِ فَانْظُرْ أَيُّهُمَا أَعْجَبَ لَكَ حَتَّى أُطَلِّقُهَا وَتَتَزَوَّجُهَا ]

«ئى قېرىندىشـىم، مەن مەدىنىدىكى ماللىرى كۆپ كىشـىلەرنىڭ بىرسى، مېنىڭ ئىككى بېغىم ۋە ئىككى ئايالىم بار. قايســى بېغىم كۆڭلۈڭگە ياقسـا شـۇ باغنى سـاڭا بېرىمەن، قايسى ئايالىمنى ياقتۇرساڭ شۇنى نىكاھىمدىن چىقىرىپ ئۇنى ســاڭا نىكاھلاپ قويااي» دېگەندە، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ســەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئاللاھ ســېنىڭ ماللىرىڭغا ۋە ئائىلەڭگە بەرىكەت ئاتا قىلسـۇن، سەن ماڭا بازارنى كۆرستىپ قوي» دەپ چىرايلىق رەت قىلىپ، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاشنى ئەلا بىلگەن.

ئاللاھ تائالا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھەددى ھېسابسىز مال ـ دۇنيا ئاتا قىلغان. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مال دۇنيا ماڭا شـۇنچىلىك يۈزلەندىكى، ھەتتا بىرەر تاشـنى كۆتۈرسەملا ئۇنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن چىقىپ قالىدىغاندەكلا ئىدى».

ئەسكەرتىش: قېرىنداشلىرىمىزغا مەلۇم بولسۇنكى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەرچە ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سەممىي قېرىنداشلىق يەتكۈزۈش ئۈقتىسىدىن ھەتتا «ئاياللىرىمدىن بىرىنى تالاق قىلاي، سەن ئۆيلىنىۋالغىن» دېگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى رەت قىلغان. ساھابىلەر ئارا بىر خوتۇننى يەنە بىرىنىڭ ئۆيلىنىشى ئۈچۈن تالاق قىلغان، يەنە بىرى شۇ خوتۇننى ئەمرىگە ئالغان ئىش يۈز بەرمىگەن. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم نادانلار بۇ تارىخنى بۇرمىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ شەھۋانىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قورال قىلىۋالماقتا. بىز بۇ تارىختىن ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ روھىنى ئۆگىنىشىمىز، ھەرگىزمۇ شەخسىي غەرەزلىرىمىزگە بوي سۇندۇرۇپ تەئۋىل قىلماسلىقىمىز لازىم.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدا كىشىلەر ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكىتىدە تىرىشىشقا، ئىزدىنىشكە، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا، ماددىي ـ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن، بولۇپمۇ دۇنيالىق ئىشلاردا ئۆزگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ھەرگىزمۇ ھۆرۈنلۈق، بوشاڭلىق قىلىپ، باشقىلارغا تايىنىپ ۋە يېلىنىپ، ئۆزىنى خار قىلماسلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

[ وَعَنْ حَكِيْمِ بْنِ حِزَامٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَأَلْتُ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم فَأَعْطَانِيْ، ثُمَّ سَأَلْتُهُ فَأَعْطَانِيْ، ثُمَّ سَأَلْتُهُ فَأَعْطَانِيْ، ثُمَّ قَالَ:

«يَا حَكِيْمُ، إِنَّ هَذَا الْمَالَ خَضِرٌ حُلْوٌ، فَمَنْ أَخَذَهُ بِسَخَاوَةِ نَفْسٍ بُوْرِكَ لَهُ فِيْهِ، وَمَنْ أَخَذَهُ بِإِشْرَافِ نَفْسٍ لَمْ يُبَارَكْ لَهُ فِيْهِ، وَكَانَ كَالَّذِيْ يَأْكُلُ وَلاَ يَشْبَعُ، وَالْيَدُ الْعُلَيَا خَيْرٌ مِّنَ الْيَدِ السُّفْلَى» ]

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سورىۋىدىم، ئۇ بەردى، يەنە سورىۋىدىم، يەنە بەردى، يەنە سورىۋىدىم، يەنە بېرىپ بولۇپ: «ئى ھەكىم! مال ـ دۇنيا

دېگەن يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسە، ئۇنى تاماسىزلىق بىلەن ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ؛ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ، بۇنداق ئادەم خۇددى يەپ تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ. بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى» دېدى. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

بۇ ھەدىستە ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇستەقىل، جانلىق، پائالىيەتچان بولۇپ، ئاچ كۆزلۈك ۋە تاماخورلۇق قىلماستىن، ئۆزى ئىشلەپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش بىلەن بىللە، ئۆز ئەمگىكى ۋە ياراتقان ئىقتىسادي قىممىتى بىلەن باشقىلارنىمۇ مەنپەئەتلەندۈرۈشىنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۆز ئۈممەتلىرىنى يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھېچ قاچان بېيىش يوللىرىدىن توسۇپ باقمىغان. بەلكى ئۇلارنى ئەمگەك قىلىپ ھالال يولدىن رىزىق ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇرغان. ھەرقانداق كىشىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئېرىشكەن تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى، خاتىرجەم تۇرمۇش بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

[ مَا أَكَلَ أَحَدٌ طَعَاماً خَيْراً مِنْ أَنَ يَأْكُلَ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ كَانَ دَاوُدُ عَلَيْهِ السَّلاَمُ لاَ يَأْكُلُ إِلاَّ مِن عَمَلِ يَدِهِ كَانَ زَكَرِيَّا عَلَيْهِ السَّلاَمُ نَجَّاراً ]

«كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر. داۋۇد ئەلەيھىسسالام پەقەتلا ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايتتى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە بىزگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان. چۈنكى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قىممەت يارىتىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بولسا ھەممە ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى خىسلەتتۇر. شۇنداقلا بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق يولىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنى تىرىشچان،

ئەمگەكچان بولۇشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا ئۈندەش، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈم يارىتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۇ دۇنيالىق تەرغىباتلىرىدىكى ئاساسىي نىشانىدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قەدەر روشەن كۆرسەتمىسى تورۇقلۇق بەزى قېرىنداشلىرىمىز يەنىلا تەييارتاپلىق يولى بىلەن ياشاۋاتىدۇ. بەزىلىرى قاتتىق موھتاج بولمىسىمۇ، پۇت-قولى ساق تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ، تىلەمچىلىكنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

[ مَايَزَالُ الرَّجُلُ يَسْأَلُ النَّاسَ حَتَّى يَأْتِيَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ]

**«بىراۋ ھەمىشە (ھاجەتتىن سىرت) تىلەمچىلىك قىلسا قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش يوق ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ». (مۇسلىم)**

يەنە بەزىلەر كەمبەغەل-بىچارىلەر ئۈچۈن ئاجرىتىلغان «قۇتقۇزۇش پۇلى»غا كۆز قىزارتىپ، شۇنىڭغا يۆلىنىپ، تەييارتاپلىق بىلەن پارازىتلارچە ياشىماقتا.

يەنە بەزىلەر تىجارەتتە ھالال يول تۇتمايدۇ. ئۇلار ئۆزى قىلىۋاتقان تىجارەتنىڭ مال-دۇنيا توپلىيالايدىغان تىجارەت ئىكەنلىكىنىلا ئويلايدۇ-يۇ، ئۇنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلانمايدۇ. بۇ توغرىسىدا ئالىم-ئۆلىمالاردىن سوراپ بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. بەزىلىرى بۇ كىرىم پۇللىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە، ئىسلامغا ئازدۇر-كۆپتۇر ئىئانە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئالدىماقچى بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ لاَ يَقْبَلُ إِلاَّ طِيْبًا وَ إِنَّ اللهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِيْنَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسَلِيْنَ ]

**«ئى خالايىق، ھەقىقەتەن ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاك-پاكىزىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان نەرسىلەرگە مۆئمىنلەرنى بۇيرىدى. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دېدى:**

﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّيْ بِمَا تَعْمَلُوْنَ عَلِيْمٌ﴾

﴿ئى پەيغەمبەرلەر! هالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾ (23 ـ سۈرە/مۇئمىنۇن 51 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە مۇنداق دېگەن:

﴿وَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ اللّٰهُ حَلاَلاً طَيِّبًا وَاتَّقُواْ اللّٰهَ الَّذِيْ أَنْتُمْ بِهِ مُؤْمِنُوْنَ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 88 ـ ئايەت).

[ ثُمَّ ذَكَرَ الرَّجُلَ يُطِيْلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ يَمُدُّ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ: يَا رَبِّ! يَا رَبِّ! وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِذٰلِكَ ]

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر كىشىنى تىلغا ئالدى:

«بۇ كىشى ئۇزۇن سەپەر قىلدى، ئۇزۇن سەپەر قىلىش جەريانىدا مۇشەققەتنىڭ ئېغىر قاتتىقلىقىدىن چاچلىرى چۇۋۇق، توپا باسقان، بىچارە ھالدا ئاسمانغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: ئى رەببىم! ئى رەببىم! دەپ دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېگەن تائامى ھارام تۇرسا، ئۇنىڭ ئىچكەن شارابى، ئىچىملىكى ھارام تۇرسا، ئۇ ھارام بىلەن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن قانداقمۇ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن؟» (مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى).

ھەدىسنىڭ مەقسىتى: ھالالدىن يەپ ـ ئىچىش، ھالالدىن كىيىشتۇر. بۇنىڭغا بارلىق مۇئمىنلەر، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بۇيرۇلغان. يەپ ـ ئىچىش تۇگۇل، ئۇچىسىدا بىر سوم چاغلىق ھارام ئارىلاشقان كىيىم بولسا، ئىبادەت ـ دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ.

تىجارەت يولىنى تۇتقان ھەرقانداق ئادەم سودا قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن شۇنى بىلىش كېرەككى، ھالال تىجارەت قىلىش، نىيەت دۇرۇس بولۇش، تارازا توغرا بولۇش، يەنە بىرى، كىشىلەرگە پايدىلىق ماللارنى تۇتۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان بويۇملارغا، چېكىملىك، ئىچىملىك ۋە ساختا، ناچار

بۇيۇملارغا يېقىن كەلمەسلىكى لازىم.
بىلىش كېرەككى، ئىقتىساد دېگەن دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسىدۇر. بۇ دۇنيادا ھەرقانداق مەقسەتنى ئىقتىساد ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى ھاسىل قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە يېتىشىنى تەلەپ قىلىش دېگەندەك مەقسەتلەر نىجادلىقنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئىقتىساد بىلەن يەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەدىستە دېيىلگەندەك:

[ اَلْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ خَيْرٌ مِّنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيْفِ]

«كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشى».

شۇنداق، ئىقتىسادنىڭ روھنى ئۇرغۇتۇش، مەنىۋى قۇدرەتنى ئاشۇرۇش رولى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ يەنە روھنى ئۆلتۈرىدىغان، روھنى قۇرۇتىۋېتىدىغان ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئىقتىساد ھەم پەرىشتە سۈپەت، ھەم ئالۋاستى سۈپەت نەرسە. ئىقتىساد نى ـ نى سەلتەنەت ئىگىلىرىنى ۋەيران قىلالىغان، يەنە شۇ ئىقتىساد نى ـ نى ئىمپېراتورلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىقتىساد روھنى پاكلايدۇ، ھەم ئۇنى بۇلغايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئىقتىساد ئىنتايىن سۆيۈملۈك، ھەم رەزىل نەرسىدۇر.

بۇ يەردە رول ئويناۋاتقان نەرسە نىمە؟ يەنىلا ئادەم ۋە ئادەمنىڭ نىيىتى. ھەممە ئىش نىيەت بىلەن بولغاندەك، ئادەم قىلغان نىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَّا نَوٰى» ]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەمەللەر جەزمەن نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەر بىر كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسە مەنسۇپتۇر» (بۇخارى).

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، نۇرغۇن قويى بار بىر كىشى بار ئىدى.

ئۇنىڭ يىل بويى روزىنى كەم قىلمايدىغان بىر پادىچىسى بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى قويلارنى سېغىپ سۈتىنى خوجايىنىغا ئەكېلىپ بېرەتتى. خوجايىن بولسا، پادىچى ئەكەلگەن سۈتكە باراۋەر سۇ قوشۇپ ئۇ قويچىغا ساتقۇزاتتى. قويچى بۇ ئىش تۇپەيلى خوجايىنىغا: «خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر»، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئەمما خوجايىن قويچىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. باھار پەسلى ئىدى. بىر كېچىسى قويچى قويلارنى ئېغىلغا سولاپ، ئۆزى ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ ياتقانىدى. يامغۇر يېغىپ، قاتتىق بوران ئارىلاش سەل كېلىپ، كۈتۈلمىگەندە قويلارنى ئېقىتىپ ھەممىسىنى ھالاك قىلدى. ئەتىسى قويچى قۇرۇق قول كەلدى. خوجايىنى:

— بۈگۈن نېمە ئۈچۈن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. قويچى ئېيتتى:

— ئەي خوجا، مەن دېمىدىممۇ، سىزگە سۈتكە سۇ قوشماڭ، دېسەم نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلمىدىڭىز. سۈتكە قوشقان شۇ سۇلار يىغىلىپ سەل بولۇپ قويلىرىڭىزنى ئېقىتىپ كەتتى.

بۇ ھېكايىنى ئېيتىشتىن مەقسەت شۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا خىيانەت قىلماسلىق، مال-دۇنيانى ئېتىقادنىڭ ئالدىغا قويۇۋالماسلىق كېرەك.

كىمىكى بىر قېتىم خىيانەت قىلسا ۋە ياكى مالنى ئېتىقادتىن ئارتۇق كۆرسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئىشەنمەيدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى رەببىنىڭ ئىشەنچىسىدىنمۇ قالىدۇ.

ئىقتىساد دۇنيانىڭ گۈللىنىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغاندەك، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىدىمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ. لېكىن بۇ يەردە تەلەپ قىلىنغان ئىقتىساد چوقۇم ھالالدىن بولۇشى كېرەك.

بىز يەنە شۇنداق بىر ئالاھىدە پەرقىنىمۇ كۆرىمىز. باي، قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىكى ئىمتىيازى بىلەن نامرات، ئاجىز دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئىمتىيازى روشەن پەرق قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سانائەتلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

سانائەتلىشىش يەنە كىشىلەرنى مۇنتىزىملاشتۇرىدۇ، ئىنتىزامنى ئاشۇرىدۇ. بۇنداق مۇنتىزىملىق ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

ئىشسىزلىق ئادەمنى روھى جەھەتتىن كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ دەپ قارالغاندا، ئۇنداقتا سانائەتلىشىش تۈرتكىسى بىلەن مىليونلاپ ئىشچىلار ئىشلەشكە جەلپ قىلىنىدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. سانائەتلەشكەن رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتى سانائەتلەشمىگەن رايونلارنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتنى، ئىتتىپاقلىقنى مۇھىم بىلىش ئىدىيەسى كۈچلۈك بولىدۇ-دە، ھەر ۋاقىت ئۆزلۈكىدىن ئۇنى قوغدايدىغان بولىدۇ.

## 3. تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق

ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە، ئىبادەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، تاپقان ئىقتىسادنى بۇزۇپ چاچماسلىق لازىمدۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَى عُنُقِكَ وَلاَ تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُوْمًا مَّحْسُوْرًا﴾

﴿قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن﴾ (17 ـ سۈرە/ئىسرا 29 ـ ئايەت).

بىز مانا مۇشۇ ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان

بايلىقىمىزنى خىراجەت قىلغاندا، ئاخىرەتلىك ۋە دۇنيالىق نېسىۋىمىزنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، تاپقان ئىقتىسادىمىزنى ئورۇنسىز بۇزۇپ چاچماسلىقىمىز لازىم. دىنىمىز ئىسلام ئىسراپچىلىقنى شۇنچىلىك توسقانكى، تاھارەت ئالغان چاغدىكى سۇنى ئىسراپ قىلماسلىقتىن باشلاپ، تاكى تاماق ئۈستىلىدىكى ئىسراپچىلىقلارنىمۇ چەكلەپ، ئۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِيْنَ﴾

﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾ (7 ـ سۈرە/ئەئراف 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، گەرچە سىز ئىسراپ قىلىۋاتقان مال ـ دۇنيا ياكى ئۆزىڭىزنىڭ، ۋەياكى ئومۇمنىڭ مۈلكى بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنىڭدا رەببىڭىزنىڭ، دىنىڭىزنىڭ، ۋەتىنىڭىزنىڭ، يۇرتىڭىزنىڭ، خەلقىڭىزنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىڭىز لازىم. ھەر خىل شەكىلدىكى بارلىق ئىسراپچىلىقلار چوقۇم چەكلىنىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئىنساندىن ئەڭ ئاۋۋال سورىلىدىغان نېئمەتلەرنىڭ بىرىمۇ دەل مۇشۇ ئىقتىساد بولۇپ، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

[ لَنْ تَزُوْلَ قَدَمَا عَبْدٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حَتَّى يُسْأَلَ عَنْ أَرْبَعِ خِصَالٍ: عَنْ عُمْرِهِ فِيْمَا أَفْنَاهُ وَعَنْ شَبَابِهِ فِيْمَا أَبْلاَهُ وَعَنْ مَالِهِ مِنْ أَيْنَ اكْتَسَبَهُ وَفِيْمَا أَنْفَقَهُ وَعَنْ عِلْمِهِ مَاذَا عَمِلَ فِيْهِ ]

«قىيامەت كۈنى بەندىدىن تۆۋەندىكى تۆت ئالاھىدە نېئمەت توغرۇلۇق سورالماي تۇرۇپ، قەدىمى يۆتكەلمەيدۇ: ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى، ياشلىقىنى نېمە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئىقتىسادنى قانداق تاپقانلىقى ۋە نەگە خەجلىگەنلىكى، ئىلىم ھەققىدە نېمە ئىش قىلغانلىقى».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

[ لاَ حَسَدَ إِلاَّ فِي اثْنَتَيْنِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللهُ مَالاً، فَسَلَّطَهُ عَلَى هَلَكَتِهِ فِي الْحَقِّ. وَرَجُلٌ

آتَاهُ اللهُ حِكْمَةً فُهُوَ يَقْضِي بِهَا وَيُعَلِّمُهَا (متفق عليه) ]

«مۇنداق ئىككى خىسلەتتى بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلۇق يەرگە سەرپ قىلغان كىشى، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا بەرگەن قۇرئان ئىلىملىرى ئاساسىدا ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى».

ھەسەت قىلىش گەرچە ئىنتايىن يامان گۇناھ بولسىمۇ، بۇنداق ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن ھەسەت قىلىش چەكلەنمىگەن.

بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿وَالَّذِيْنَ إِذَا أَنْفَقُوْا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوْا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا﴾

﴿ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ﴾ (**25** ـ سۈرە/فۇرقان **67** ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە پۇل تېپىشتا ۋە ئىشلىتىشتە يەنىلا ئىقتىسادچىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇش، پۇلنى قايسى ئۇسۇل، قانداق مەقسەت بىلەن تېپىش ۋە نەگە، قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ: قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿هُوَ الَّذِيْ خَلَقَ لَكُمْ مَّا فِي الْأَرْضِ جَمِيْعاً﴾

﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى﴾ (**2** ـ سۈرە/بەقەرە **29** ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿إِنَّ اللهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوْا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

﴿ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆزىنىڭ (ياخشى) ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)﴾ (**13** ـ سۈرە/رەئد **11** ـ ئايەت).

دېگەن ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز، ئۇ ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان، ئەلۋەتتە. ھەرقانداق بىر قوۋم ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن سان ـ ساناقسىز نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلماي، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەھۋالىنى

ئۆزگەرتىشى، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئۆزى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. شۇڭا بىز ئەمەلىي كۈچىمىزگە، ئىلىم ـ پەنگە، پەن ـ تېخنىكىغا، شۇنداقلا ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان ھەممە ھالال ۋاسىتىگە تايىنىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئۆز ھالىمىزنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن، ئىقتىسادىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ۋە سەۋىيەمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، ئاشۇ نېئمەتلەر ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ، رەببىمىزگە شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم.

ھۆرمەتلىك ئەھلى جامائەت: بىز ئىككى دۇنيالىق مەنپەئەتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شەخس ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنى تىرىشىپ قىلىپ، مەيلى ماددىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەنىۋى ياكى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولسۇن، يامان ۋە زىيانلىق ھەرقانداق ئىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇۋاپىق، ھەممىگە پايدىلىق يولنى تاللاپ مېڭىپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىككى دۇنيالىققا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان قاراشىنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن بوشاشماي، تەۋرەنمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. شۇڭا، بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسىنى، يەنى دۇنيانى دەپ ئاخىرەت مۇكاپاتىدىن قۇرۇق قالىدىغان، ئاخىرەتنى دەپ دۇنيادىكى ماددىي مەنئەتلەردىن قۇرۇق قالىدىغان نەزەرىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىشتا چېكىدىن ئاشماسلىق، مۇۋاپىق بولۇش، بولۇپمۇ ئۇ ئىشنىڭ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» مەزمۇنىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى ئاساسىي ھەرىكەت مىزانى قىلىپ، ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىدىكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال كەسىپكە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدىكى تەرغىباتلىرىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە تىرىشايلى. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئورتاق مەنپەئەتكە باشلايدىغان ئەڭ توغرا يولدا مېڭىشقا نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

# ئەزان ۋە تەكبىر ھەققىدە

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِىْ شَرَعَ الشَّرَائِعَ وَسَنَّ الْأَحْكَامَ وَبيَّنَ لِعِبَادِهِ الْحَلَالَ وَالْحَرَامَ، أَحْمَدُه، عَلَى جَزِيلِ اْلإِنْعَامِ وَأَشْهَدُ أَن لاَّإِلَهَ إِلاَّ اللّه وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، المَلِكُ الْعَلَّامُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ سَيِّدُ الْأَنَامِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ الْبَرَرَةِ الْكِرَامِ. أَمَّا بَعْدُ:

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِىَ الله عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ:
«لَوْ يَعْلَمُ النَّاسُ مَا فِى النِّدَاءِ وَالصَّفِّ الْأَوَّلِ ثُمَّ لَمْ يَجِدُوْا إِلَّا أَنْ يَسْتَهِمُوْا عَلَيْهِ لَاسْتَهَمُوْا عَلَيْهِ» ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)
أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

بىز كۈندە بەش قېتىم بىر ئۇلۇغ نىدانى ئاڭلاپ تۇرىمىز، بۇ نىدا بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرى لەرزىگە كېلىدۇ، ئىمانى كۈچىيىدۇ. چۈنكى، بۇ نىدا ئىسلامنىڭ شوئارى، تەۋھىدنىڭ بەلگىسى، ھەقىقەتنىڭ ساداسى بولغان ئەزاندۇر.

ئەزان قانداق كېلىپ چىققان؟ بىزگە قانداق يېتىپ كەلگەن؟ ئۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟

مانا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە ئەزانغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان ھەر بىر مۇئمىن ـ مۇسۇلمان بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردىندۇر.

«ئەزان» ( اَلْأَذَانُ ) دېگىنىمىز لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن ئېلان قىلماق، جاكارلىماق دېگەنلىكتۇر، ئىستىلاھتا بولسا مەخسۇس كەلىمىلەر ئارقىلىق مەخسۇس شەكىلدە پەرز ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئەزان توۋلىغۇچى «مۇئەززىن» ( مُؤَذِّنٌ ) دېيىلىدۇ.

ئەزان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن:

[ عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُماَ قاَلَ: كَانَ الْمُسْلِمُوْنَ حِيْنَ قَدِمُوْا الْمَدِيْنَةَ يَجْتَمِعُوْنَ فَيَتَحَيَّنُوْنَ الصَّلَاةَ وَلَيْسَ يُنَادَى بِهَا أَحَدٌ، فَتَكَلَّمُوْا يَوْمًا فِي ذٰلِكَ، فَقَالَ بَعْضُهُمْ: اِتَّخِذُوْا نَاقُوْسًا مِّثْلَ نَاقُوْسِ النَّصَارَى، وَقَالَ بَعْضُهُمْ: قَرْنًا مِّنْ قَرْنِ الْيَهُوْدِ، فَقَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ: أَوَلَا تَبْعَثُوْنَ رَجُلًا يُنَادِي بِالصَّلَاةِ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا بِلَالُ قُمْ فَنَادِ بِالصَّلَاةِ (رواه البخاري وأحمد) ]

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كەلگەندە تېخى ئەزان ئوقۇش يولغا قويۇلمىغان بولغاچقا توپلىشىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىركۈنى مۇسۇلمانلار بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ بەزىلەر: بىزمۇ كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن خىرىستىيانلارغا ئوخشاش قوڭغۇراق چالساق بوپتىكەن، دېسە؛ يەنە بەزىلەر: خۇددى يەھۇدىيلار بۇرغا چالغاندەك بىزمۇ بۇرغا چالايلى، دېيىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نامازغا چاقىرىدىغان بىر ئادەمنى تەيىنلىمەمسىلەر؟ دېدى ، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى بىلال! تۇر كىشىلەرنى نامازغا چاقىر!» دېدى .

بۇ چاغدىكى نامازغا چاقىرىش پەقەت كىشىلەرگە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويۇش بولۇپ، ھازىرقى ئەزان ئەمەس ئىدى.

هازىرقى ئەزان بولسا ئەينى چاغدا ساھابىلەردىن ئابدۇللا ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزاننى چۈشىدە كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن يولغا قويۇلغان.

عَنْ [ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ زَيْدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ: لَمَّا أَمَرَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالنَّاقُوْسِ يُعْمَلُ لِيَضْرِبَ بِهِ لِلنَّاسِ لِجَمْعِ الصَّلَاةِ، طَافَ بِي وَأَنَا نَائِمٌ رَجُلٌ يَحْمِلُ نَاقُوْسًا فِي يَدِهِ، فَقُلْتُ: يَا عَبْدَ اللهِ أَتَبِيْعُ النَّاقُوْسَ، قَالَ وَمَا تَصْنَعُ بِهِ، قُلْتُ: نَدْعُوْ بِهِ إِلَى الصَّلَاةِ، قَالَ: أَفَلَا أَدُلُّكَ عَلَى مَا هُوَ خَيْرٌ مِنْ ذَلِكَ، فَقُلْتُ: بَلَى، فَقَالَ:

تَقُولُ اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ، حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ، حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ، حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ، اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ

قَالَ: ثُمَّ اسْتَأْخَرَ عَنِّي غَيْرَ بَعِيْدٍ، ثُمَّ قَالَ: تَقُولُ: إِذَا أَقَمْتَ الصَّلَاةَ:

اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ، حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ، قَدْ قَامَتِ الصَّلَاةُ، قَدْ قَامَتِ الصَّلَاةُ، اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ

فَلَمَّا أَصْبَحْتُ أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرْتُهُ بِمَا رَأَيْتُ، فَقَالَ:

«إِنَّهَا لَرُؤْيَا حَقٌّ إِنْ شَاءَ اللهُ، فَقُمْ مَعَ بِلَالٍ فَأَلْقِ عَلَيْهِ مَا رَأَيْتَ، فَلْيُؤَذِّنْ فَإِنَّهُ أَنْدَى صَوْتًا مِنْكَ»

فَقُمْتُ مَعَ بِلَالٍ، فَجَعَلْتُ أُلْقِيهِ عَلَيْهِ وَيُؤَذِّنُ بِهِ فَسَمِعَ عُمَرُ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، وَهُوَ فِي بَيْتِهِ فَخَرَجَ يَجُرُّ رِدَاءَهُ، وَيَقُولُ: يَا رَسُولَ اللهِ وَالَّذِيْ بَعَثَكَ بِالْحَقِّ لَقَدْ رَأَيْتُ مِثْلَ مَا أَرَى

«فَلِلَّهِ الْحَمْدُ» (رواه أبو داود) ]

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن قوڭغۇراق چېلىشقا ماقۇل كېلىپ، شۇنىڭغا بۇيرۇغان مەزگىلدە، مەن مۇنداق بىر چۈش كۆردۈم: بىر كىشى قولىدا قوڭغۇراق كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن: ئى ئابدۇللاھ! قولۇڭدىكى نەرسىنى ساتامسەن؟ دېسەم، ئۇ كىشى: بۇنى نېمە قىلىسەن؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىمىز، دېسەم، ئۇ: مەن ساڭا بۇنىڭدىن ياخشى بىر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ دېدى، مەن: ئۇنداق بولسا، ئۆگىتىپ قوي، دېسەم، ئۇ ئەزاننى ئۆگىتىپ قويدى، بىر ئازدىن كېيىن يەنە: تەكبىر ئېيتماقچى بولساڭ، مۇنۇ ـ مۇنۇلارنى دېگىن! دەپ، تەكبىرنىمۇ ئۆگىتىپ قويدى. تاڭ يورىغاندا، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ، ھەقىقەتەن راست چۈش ئىكەن، سەن چۈشۈڭدە ئاڭلىغان سۆزلەرنى بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا ئۆگىتىپ قويغىن، ئۇ ئوقۇسۇن، چۈنكى بىلالنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق چىقىدۇ، دېدى. مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆگىتىپ قويدۇم، ئۇ ئەزان ئوقۇدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان رىداسىنى سۆرىگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ چۈشۈمدە ئۇ كۆرگەن چۈشنىڭ ئۆز ئەينىنى كۆرگەنىدىم، دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا كۆپ شۈكرى» دېدى.

[ عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، قَالَ: حَدَّثَنَا أَصْحَابُ مُحَمَّدٍ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ زَيْدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ رَأَى الْأَذَانَ فِي الْمَنَامِ، فَأَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرَهُ، فَقَالَ: «عَلِّمْهُ بِلاَلاً». قَالَ: فَقَامَ بِلاَلٌ فَأَذَّنَ مَثْنَى مَثْنَى، وَأَقَامَ مَثْنَى، وَقَعَدَ قَعْدَةً (رواية الطحاوي) ]

ئابدۇراخمان ئىبنى ئەبى لەيلا مۇنداق دېگەن: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە ئابدۇللا ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان توغرىسىدا چۈش كۆردى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرگەنلىرىنى سـۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «بۇلارنى بىلالغا ئۆگىتىپ قوي» دېدى. شـــۇنىــڭ بىلەن بىلال ئەزان كەلىمىلىرىنى ئىككى قېتىمــدىن (جۈپ ـ جۈپ) ئېيتتى، تەكبىرلەرنىمۇ ئىككى قېتىمدىن (جۈپ ـ جۈپ) ئېيتتى ۋە ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئاز ئولتۇردى.

مــانــا شـــــۇنىڭـدىن ئېتىبارەن ئەزان مەيدانغا كەلدى، ئەينى چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن:

[ عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا كَانَ لِرَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُؤَذِّنَانِ بِلَالٌ وَابْنُ أُمِّ مَكْتُومٍ الْأَعْمَى ]

«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئـابـدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى كۆرمەيتتى». (ئەما مۇئەززىنگە ۋاقىتنى باشقىلار دەپ بېرەتتى).

## ئەزان ئېيتىشتىكى پەزىلەت ۋە ھېكمەتلەر

ئەزان ئـېـيـتـىشـــــتـىكى پەزىلەتلەر ئىنتـايـىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنى تۆۋەنـدىكى ئـايەت ۋە ھەدىســــلەردىن نـاھـايىتى ئوچۇق ھېس قىلغىلى بولىدۇ:

عَنْ[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ:

«لَوْ يَعْلَمُ النَّاسُ مَا فِي النِّدَاءِ وَالصَّفِّ الْأَوَّلِ، ثُمَّ لَمْ يَجِدُوْا إِلَّا أَنْ يَسْتَهِمُوْا، عَلَيْهِ لَاسْتَهَمُوْا» ]

ئەبـۇ ھـۇرەيـرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر كىشــىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سـەپتە ناماز ئوقۇشـنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنى چەك تاشلىشىپ بولسىمۇ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولاتتى».

عَنْ [ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا نُوْدِيَ لِلصَّلَاةِ أَدْبَرَ الشَّيْطَانُ وَلَهُ ضُرَاطٌ حَتَّى لَا يَسْمَعَ التَّأْذِيْنَ حَتَّى إِذَا انْقَضَ التَّثْوِيْبُ أَقْبَلَ حَتَّى يَخْطُرَ بَيْنَ الْمَرْءِ وَنَفْسِهِ، يَقُولُ: اُذْكُرْ كَذَا اُذْكُرْ كَذَا لِمَا لَمْ يَكُنْ يَذْكُرُ مِنْ قَبْلُ حَتَّى يَظَلَّ الرَّجُلُ ما يَدْرِي كَمْ صَلَّى» (البخاري) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «نامازغا ئەزان ئېيتىلغان چاغدا، شەيتان ئەزاننى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئوسۇرغان پېتى كەينىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ. ئەزان تۈگىگەندە يەنە كېلىدۇ . نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان ھامان يەنە تىكىۋېتىدۇ. تەكبىر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كېلىدۇ ۋە ناماز ئوقۇغان ئىنسانىنىڭ دىلىغا: ئۇنى ئويلا، بۇنى ئويلا، دەپ ئېسىدە يوق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەكېلىپ ، ۋەسۋەسە سېلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى نامازنى قانچە رەكەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ».

[ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِالرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي صَعْصَعَةَ أَنَّ أَبَا سَعِيدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ لَهُ إِنِّيْ أَرَاكَ تُحِبُّ الْغَنَمَ وَالْبَادِيَةَ فَإِذَا كُنْتَ فِيْ غَنَمِكَ أَوْ بَادِيَتِكَ فَأَذَّنْتَ بِالصَّلَاةِ فَارْفَعْ صَوْتَكَ بِالنِّدَاءِ فَإِنَّهُ لَا يَسْمَعُ مَدَى صَوْتِ الْمُؤَذِّنِ جِنٌّ وَلَا إِنْسٌ وَلَا شَيْءٌ إِلَّا شَهِدَ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ (بخارى) ]

ئابدۇراخمان ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللاھقا مۇنداق دېگەن: «مەن ھەقىقەتەن سېنى سەھرادا ياشاشنى ۋە قوي بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ بىلىمەن. سەن قوي باقىقان ياكى سەھرادا تۇرغان ۋاقتىڭدا، نامازغا ئەزاننى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇغىن، ئاۋازىڭ قانچە يىراققا ئاڭلانسا، ئىنسان ياكى جىن ۋە ياكى باشقا نەرسىلەر بولسۇن، ئەزاننى ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ساڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ». مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇنداق ئاڭلىغان.

[ عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ، قَال:

«الْمُؤَذِّنُ يَغْفِرُ اللَّهُ مَدَّ صَوْتِهِ، وَيُصَدِّقُهُ مَنْ سَمِعَهُ مِنْ رَطْبٍ وَيَابِسٍ، وَلَهُ مِثْلُ أَجْرِ مَنْ صَلَّى مَعَهُ» (أحمد والنسائى) ]

بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئەززىن ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭ ئاۋازى يەتكەن مىقداردا مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھۆل ـ قۇرۇق نەرسىلەرگە قەدەر ھەممىسى جاۋاب قايتۇرىدۇ، مۇئەززىنگە نامازغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ».

ئەزان ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە شوئارى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ۋە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بەلگىسى بولغان ئىمان كەلتۈرۈلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەزان كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

يەر يۈزىدە ئىسلام دىنى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ناماز قەتئىي يوقالمايدۇ؛ ناماز يوقالمىغان ئىكەن، ئەزانمۇ قەتئىي يوقالمايدۇ؛ ئەزان يوقالمىغان ئىكەن، ئىسلام دىنىنىڭ شوئارى تا قىيامەتكىچە شۇنداق جاراڭلىق ئېلان قىلىنىپ، غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىپ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ. ئەزان ئېيتىلغاندا ئەڭ باشتىلا «اللهُ أَكْبَرُ» (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر) دەپ ئاندىن كېيىن «حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ» (نامازغا چاپسان كېلىڭلار) ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغانىكەن، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرى ۋە تۈگىمەس مەشغۇلاتلىرىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ نامازنى ئادا قىلىشقا كېلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا ئېلان قىلىشتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەزان غەپلەتتىكى ۋە ئۇيقۇدىكى كىشىلەرنى ئويغىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ناماز ئوقۇشى، تەقۋادار بولۇشى ئۈچۈن يېتەكچى بولىدۇ. تورلۇك يامان

ئىشلاردىن يېنىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار كۈندە بەش ۋاخ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئەزان مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىزگۈ تىلەكلەرگە، ياخشىلىقلارغا، جەننەتكە تەلپۈندۈرىدۇ. زۇلمەت باسقان كۆڭۈللەرگە يورۇقلۇق بېغىشلاپ، ئۇلارنى ھەق يولغا يېتەكلەيدۇ.

ئەزاندا، قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتالايدىغان نۇر بار، ھىدايەت بار. مۇسۇلمان بولمىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلامنىڭ نىداسى بولغان ئەزاننى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقى مانا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. تۈركىيە دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ 2012- يىلى ئېلان قىلغان دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، ئالدىنقى بىر يىلدا ساياھەت ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن گېرمانىيە ، فىرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن تۈركىيەگە كەلگەن 634 نەپەر كىشى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلامغا كىرىشىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن نەرسە دەل ئەزان بولغان. ئەزاندا يەنە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان مۆجىزە بار. ئەرەب يېرىم ئارىلى ئېلىۋالغان ۋاقىتتا ھېچكىم خەلىپىلىكنىڭ ماتېماتىكا پەنلىرى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بايقىشىچە، مېرىدىيان سىزىقىنى ئاساس قىلغان ۋاقىت پەرقى سەۋەبلىك يەر شارىدىكى مەلۇم بىر جايدا ئېيتىلغان ئەزاننىڭ ئاياغلىشىشىغا ئۇلىشىپ يەنە بىر جايدا ئەزان ئېيتىلىشقا باشلايدىكەن، مانا مۇشۇ تەرىقىدە پۈتۈن يەر شارى بۇيىچە بىر كېچە -كۈندۈز 24 سائەتنىڭ ھەممىسىدە ئەزان ئاۋازى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدىكەن.

## ئەزاننىڭ تېكستى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

ئەزاننىڭ تېكستى بولسا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك تۆۋەندىكى كەلىمىلەردىن تەركىب تاپقان:

اَللّٰهُ أَكْبَرُ ــــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛

اَللّٰهُ أَكْبَرُ ــــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛

اَللّٰهُ أَكْبَرُ ــــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛

اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰه ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر؛
أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰه ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر؛
أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُوْلُ اللّٰهِ ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر؛
أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُوْلُ اللّٰهِ ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر؛
حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ ـــ نامازغا چاپسان كېلىڭلار؛
حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ ـــ نامازغا چاپسان كېلىڭلار؛
حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ـــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار؛
حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ـــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
لا إلٰه إلاَّ اللّٰه ـــ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

يۇقىرىقىلار بامدات نامىزىدىن باشقا پۈتۈن پەرز نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەزاننىڭ تېكىستى. ئەمما بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۈچۈن «حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ـــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار»دىن كېيىن ۋە ئاخىرقى «اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر»دىن ئاۋۋال:

«اَلصَّلَاةُ خَيْرٌ مِّنَ النَّوْمِ ـــ ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى؛
اَلصَّلَاةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ ـــ ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى» دېگەن ئىبارىلەر ئوقۇلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :

[عَنْ أَبِي مَحْذُورَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ، قُلْتُ: «يَا رَسُوْلَ اللّٰهِ! عَلِّمْنِي الْأَذَانَ» فَعَلَّمَهُ، وَقَالَ: «فَإِنْ كَانَ صَلاَةَ الصُّبْحِ قُلْتَ: اَلصَّلَاةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ ، اَللّٰه أَكْبَرُ ، اَللّٰه

أَكْبَرُ ، لاَ إِلٰهَ إِلَّا اللهُ» (رواه أبو داود) ]

ئەبى مەھزورە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئەزاننى ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا» دېدىم، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەزاننى ئۆگىتىپ قويغان، ۋە ئۇنىڭغا: «ئەگەر بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتساڭ: «اَلصَّلَاةُ خَيْرٌ مِّنَ النَّوْمِ ــ ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى؛

اَللّٰهُ أَكْبَرُ ــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛

اَللّٰهُ أَكْبَرُ ــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛

لا إلٰه إلا الله ــ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، دېگىن » دېگەن.

## ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشنىڭ ھۆكمى

بەش ۋاخ ناماز بىلەن جۇمە نامىزىنى ئەرلەرنىڭ جامائەت بولۇپ ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر. ھېيت ۋە جىنازا نامازلىرى ۋە باشقا پەرز بولمىغان نامازلار ئۈچۈن ئەزان ـ تەكبىر ئوقۇلمايدۇ. ئەزان ئوقۇش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەت، ئاياللار ئۈچۈن مەكرۇھتۇر، ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن مەكرۇھ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُماَ أَنَّهُ قَالَ:

«لَيْسَ عَلَى النِّسَاءِ أَذَانٌ وَلَا إِقَامَةٌ» (البيهقي في السنن الكبرى) ]

«ئاياللارغا ئەزان ئوقۇش ۋە تەكبىر ئېيتىش يوق».

مەيلى ئادا (ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز) بولسۇن، مەيلى قازا (ۋاقتىدا ئوقۇيالماي ۋاقتى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلغان ناماز) بولسۇن، سەپەر ئۈستىدە بولسۇن ياكى ئۆز يۇرتىدا بولسۇن، يالغۇز بولسۇن ياكى جامائەت بىلەن بولسۇن، ئادەم بار يەردە بولسۇن، ياكى چۆل ـ جەزىرىلەردە بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەر قانداق شارائىتتا، پەرز نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش سۈننەتتۇر. جامائەت بىلەن ئوقۇماقچى بولغان پەرز نامازلاردا

ئەزاننى تەرك ئېتىش مەكرۇھتۇر. ھېيىت نامازلىرى، كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلمايدۇ.

[ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: صَلَّيْتُ مَعَ رَسُوْلِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْعِيْدَيْنِ غَيْرَ مَرَّةٍ وَلَا مَرَّتَيْنِ بِغَيْرِ أَذَانٍ وَلَا إِقَامَةٍ. (رواه مسلم) ]

«جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بىر نەچچە قېتىم ھېيىت نامازلىرىنى ئەزان ۋە تەكبىرسىز ئوقۇدۇم ، دېگەن» .

ئۇنىڭدىن باشقا ۋىتىر نامىزى ئۈچۈنمۇ ئەزان، تەكبىر ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى خۇپتەن نامىزىغا ئوقۇلغان ئەزان ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سۈننەت نامازلارغىمۇ ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلمايدۇ.

ئەگەر بىرەر ۋاخ ناماز قازا بولۇپ كەتسە ئۇنىڭ قازاسىنى ئوقۇغاندا ئەزان ئېيتىدۇ ۋە تەكبىر ئوقۇيدۇ.

ئەگەر قازا بولغىنى بىر قانچە ۋاخ ناماز بولسا، بۇ نامازلارنى ئوقۇش ئالدىدا پەقەت بىر قېتىم ئەزان ئوقۇلىدۇ ۋە قالغان ھەر بىر نامازغا ئايرىم-ئايرىم تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەزان ئوقۇشتا تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر بار:

1. ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى ؛
2. ئەزاننىڭ ئەرەب تىلىدا ئوقۇلۇشى ؛
3. ئەزاننىڭ ئاشكارا ئوقۇلۇشى ؛
4. ئەزان تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر مۇئەززىن تەرىپىدىن ئوقۇلۇشى ؛
5. مۇئەززىننىڭ مۇسۇلمان، ئەر، ئاقىل ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى ؛
6. ئەزاندا ئوقۇلىدىغان سۆزلەرنىڭ تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئوقۇشى قاتارلىقلار.

## ئەزاننىڭ سۈننەتلىرى

ئەزاننىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازى چىرايلىق ۋە جاراڭلىق بولۇشى؛
2. ئەزاننىڭ ئەتراپقا ئاڭلىنىشى ئۈچۈن ئېگىز مۇناردا ئوقۇلۇشى ۋە باشقا قولاي ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشى؛
3. مۇئەززىن ناماز ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلىدىغان كىشى بولۇشى؛
4. مۇئەززىنىنىڭ تاھارەتلىك بولۇشى؛
5. مۇئەززىنىنىڭ كور بولماسلىقى؛
6. مۇئەززىن ئەزان ئوقۇغاندا بارماقلىرىنى قۇلىقىغا تىقىشى ياكى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قۇلاق قاپقىسىنى بېسىشى؛
7. مۇئەززىنىنىڭ ئەزاننى قىبلىگە قاراپ ئوقۇشى؛
8. مۇئەززىنىنىڭ «حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ» دېگەندە يۈزىنى ئوڭ تەرەپكە، «حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ» دېگەندە يۈزىنى سول تەرەپكە بۇرىشى؛
9. كىشىلەرنىڭ نامازغا ھازىرلىنىشى ئۈچۈن ئەزاننىڭ نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى؛
10. ئەزان تېكىستلىرىدىن ھەر بىر كەلىمىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئازراق توختىۋېلىپ، ئاندىن ئىككىنچى كەلىمىنى ئوقۇشى قاتارلىقلار.

## ئەزاننىڭ مەكرۇھلىرى

ئەزان ئوقۇشتا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەزاننىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك ئېتىش ؛
2. جۇنۇپ ھالەتتە ئەزان ئوقۇش، (بۇ ۋاقىتتا ئەزاننى قايتا ئوقۇش لازىم)؛
3. ئەزان كەلىمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىپ ئوقۇش؛

4. ئەزاننى مېڭىپ تۇرۇپ ئوقۇش ؛
5. ئەزاننى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇش ؛
6. ئەزان ئوقۇش جەريانىدا سۆزلەش قاتارلىقلار.

## تەكبىر توغرىسىدا

تەكبىر (اَلْإِقَامَةُ) ـــ ئەزاندىن كېيىن، پەرز نامازلارنى ئوقۇش ئالدىدا نامازغا ھازىر بولغانلارغا نامازنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. تەكبىرنىڭ يولغا قويۇلۇش تارىخى ئەزاننىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن بىردەك بولۇپ ، تەكبىرنىڭ ئېيتىلىش شەكلى ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

[ عَنِ ابْنِ أَبِي شَيْبَةَ قَالَ: حَدَّثَنَا أَصْحَابُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ، أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ زَيْدٍ جَاءَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ، فَقَالَ : يَا رَسُولَ اللَّهِ رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ كَأَنَّ رَجُلا قَائِمًا وَعَلَيْهِ ثَوْبَانِ أَخْضَرَانِ عَلَى جِذْمَةِ حَائِطٍ ، فَأَذَّنَ مَثْنَى مَثْنَى ، وَأَقَامَ مَثْنَى مَثْنَى. (رواه البيهقى) ]

«ئىبنى ئەبى شەيبە مۇنداق دېگەن : مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بىزگە مۇنداق دېگەندى: ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ : ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئۈستىگە ئىككى يېشىل كىيىم كىيىۋالغان بىر كىشى تامنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەزان كەلىمىلىرىنى ئىككى قېتىمدىن (جۈپ ـ جۈپ) ئېيتتى، تەكبىرلەرنىمۇ ئىككى قېتىمدىن (جۈپ ـ جۈپ) ئېيتتى، دېگەن ».

تەكبىرلەرنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا الله ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا

ئىلاھ يوقتۇر؛
أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰه ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر؛
أَشْـــهَـدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُــوْلُ اللّٰهِ ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر؛
أَشْــهَـدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُــولُ اللّٰه ـــ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر؛
حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ ـــ نامازغا چاپسان كېلىڭلار؛
حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ ـــ نامازغا چاپسان كېلىڭلار؛
حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ـــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار؛
حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ـــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار؛
قَدْ قَامَتِ الصَّلَاةُ ـــ ناماز باشلاندى؛
قَدْ قَامَتِ الصَّلَاةُ ـــ ناماز باشلاندى؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
اَللّٰه أَكْبَرُ ـــ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر؛
لا إله إلا اللّٰه ـــ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

## تەكبىرنىڭ ھۆكمى

تەكبىرنىڭ ھۆكمى ئەزاننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، يەنى پەرز نامازلار ئۈچۈن، مەيلى ئادا ناماز بولسۇن، مەيلى قازا ناماز بولسۇن، مەيلى ئۆز يۇرتىدا بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن، پۈتۈن ھاللاردا ئەرلەرنىڭ تەكبىر ئوقۇشى سۈننەتتۇر. تەكبىرنىڭ ئەزانغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەزان پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. تەكبىر بولسا جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز بولسۇن، ياكى يالغۇز ئوقۇلغان ناماز بولسۇن، پۈتۈن پەرز نامازلار ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ.

تەكبىر، ئۇنىڭ ھەرپلىرى بىلىنىدىغان دەرىجىدە تېز-تېز ئوقۇلىدۇ. تەكبىر ئېيتقان كىشى ئىككى سۆزنى بىرلا نەپەستە بىرلەشتۈرگەن ھالدا،

كېيىنكى سۆزنى بىر ئاۋاز بىلەن ئوقۇيدۇ.

## ئەزانغا جاۋاب قايتۇرۇش

ئەزانغا جاۋاب قايتۇرۇش دېگىنىمىز ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ مۇئەززىننىڭ ئېيتقانلىرىنى قايتىلىشى دېمەكتۇر. مۇئەززىن ئېيتقان ئەزان كەلىمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇئەززىن ئوقۇغانغا ئوخشاش شەكىلدە قايتىلاپ ئوقۇش بولۇپ، بىلىنىۋالىدىغان يېرى پەقەتلا

حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ ــ نامازغا چاپسان كېلىڭلار؛

حَيِّ عَلَى الصَّلَاةِ ــ نامازغا چاپسان كېلىڭلار؛

حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار؛

حَيِّ عَلَى الْفَلَاحِ ــ نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار، دېگەندە

لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ ــ كۈچ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر، دەپ ئىككى قېتىم قايتىلاش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :

[ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ: رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قال رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا قَالَ الْمُؤَذِّنُ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ، فَقَالَ أَحَدُكُمْ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ، ثُمَّ قَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، قَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، ثُمَّ قَالَ: أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ. قَالَ: أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، ثُمَّ قَالَ: حَيَّ عَلَى الصَّلَاةِ قَالَ: لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ، ثُمَّ قَالَ: حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ، قَالَ: لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ، ثُمَّ قَالَ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ قَالَ: اللهُ أَكْبَرُ، اللهُ أَكْبَرُ، ثُمَّ قَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، قَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ مِنْ قَلْبِهِ دَخَلَ الْجَنَّةَ» ( رواه مسلم ) ]

«مۇئەززىن ئەزان ئوقۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە سىلەرمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭلار؛ ئۇ «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندە، «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەڭلار؛ ئۇ «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەندە، «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن

كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ» دەڭلار؛ ئۇ «ھەييەئەلەس سالاھ» دېگەندە ، «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دەڭلار؛ ئۇ «ھەييەئەلەل فەلاھ» دېگەندە، «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللا» دەڭلار؛ ئۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە سەلەرمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭلار؛ ئۇ «لائىلەھە ئىللەللاھ» دېگەندە، «لائىلەھە ئىللەللاھ» دەڭلار: كىمكى يۇقىرىقىلاردىن چىن قەلبىدىن دەيدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ».

تەكبىرگە جاۋاب قايتۇرۇشمۇ ئەزانغا جاۋاب قايتۇرغانغا ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئوخشىمايدىغان يېرى تۆۋەندىكىچە:

قَدْ قَامَتِ الصَّلَاةُ — ناماز باشلاندى؛

قَدْ قَامَتِ الصَّلَاةُ — ناماز باشلاندى، دېگەن ۋاقىتتا

أَقَامَهَا اللهُ وَأَدَامَهَا — ئاللاھ تائالا ئۇ نامازنى ئوقۇشقا ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا نېسىپ قىلغاي! دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز.

ئۇندىن باشقا ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەزاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشى سۈننەتتۇر:

[ اَللَّهُمَّ رَبَّ هذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ، والصَّلاةِ الْقَائِمَةِ، آتِ مُحَمَّداً ۣ الْوَسِيْلَةَ ، والْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُوْداً ۣ الَّذِيْ وَعَدْتَه ]

«ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ رەببى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگەيلا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا يەتكۈزگەيلا».

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[ وَعنْ جَابِرٍ رَضِيَ الله عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللَّهِ صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّمقَالَ:

«مَنْ قَالَ حِيْنَ يَسْمَعُ النِّدَاءَ: اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ ، وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ، آتِ مُحَمَّداً ۣ الْوَسِيْلَةَ ، وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًامَحْمُوْداً ۣ الَّذِيْ وَعَدْتَهُ ، حَلَّتْ لَهُ شَفَاعَتِيْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ». (رواه البخاري) ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : «كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ «اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ ، وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ، آتِ مُحَمَّداً نِ الْوَسِيْلَةَ ، وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًامَحْمُوْداً نِ الَّذِيْ وَعَدْتَهُ» دېگەن دۇئانى ئوقۇسا ، مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ» .

ئەزان ئېيتىلغان ۋاقىتتا، ئەزاننى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئامال بار قىلىنىۋاتقان مەشغۇلاتنى توختىتىپ، ئەزانغا قۇلاق سېلىش ۋە ئەزانغا جاۋاب قايتۇرۇش لازىم. بۇ ھەقتە ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھۇ تائالا: «ئەزان ئېيتىلغان ۋاقىتتا، كىشىلەر ئەگەر زىكىر۔ تەسبىھ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولسا، ئۇنى دەرھال توختىتىپ ئەزانغا جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك، چۈنكى ئەزانغا جاۋاب قايتۇرۇش ۋاقىتلىق ئىبادەت بولۇپ ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە تولۇقلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن زىكىر۔ تەسبىھ ئېيتىش بولسا ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشتىن مۇستەسنادۇر» دېگەن .

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئىسلامنىڭ بۈيۈك شوئارى بولغان ئەزانغا ھەقىقي جاۋاب قايتۇرۇپ قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشكە نېسىپ قىلسۇن!

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْن

************************************

ئىزاھات: بۇ ۋەز۔ تەبلىغ مەزمۇنلىرىنى تەييارلاش جەريانىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «يېڭى ۋەز۔ تەبلىغلەر توپلىمى»، «جوڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «ۋەز۔ نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «تاللانغان ۋەزلەر» قاتارلىقلار ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلاندۇق.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك، ۋاقىتنىڭ قىس بولۇشى سەۋەبىدىن مەلۇم خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

# پەرىشتەلەرگە ئىمان ئېيتىش

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الْمَلِكِ الْمَعْبُوْدِ، اَلْوَاحِدِ الْأَحَدِ اللَّطِيْفِ الْوَدُوْدِ، اَلْبَصِيْرِ الَّذِىْ يَبْصُرُ جَرْيَانَ الْمَاءِ فِى الْحَجَرِ الْجَامُوْدِ، وَلاَ يَخْفَى عَلَيْهِ دَبِيْبُ النَّمْلَةِ السَّوْدَاءِ عَلٰى الصَّخْرَةِ الصَّمَّاءِ فِى اللَّيَالِ السُّوْدِ، وَصَلَّى اللهُ عَلٰى مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ نَبِيٌّ تَشَرَّفَتْ بِهِ الْآبَاءُ وَالْجُلُوْدُ، وَعَلٰى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ صَلاَةً وَسَلاَمًا دَائِمِيْنَ مَانَبَتَ زَرْعٌ وَأَوْرَقَ عُوْدٌ، وَسَلَّمَ تَسْلِيْمًا كَثِيْرًا . أَمَّا بَعْدُ:

قَالَ اللهُ تَعَالٰى فِى كِتَابِهِ الْعِزِيْزِ أَسْتَعِيْذُ بِاللهِ

﴿آمَنَ الرَّسُوْلُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُوْنَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّٰهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾ صَدَقَ اللهُ الْعَظِيْمُ

﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 285 ـ ئايەت).

السّلام عليكم ورحمة الله وبركاته

هۆرمەتلىك جامائەتلەر! ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بىز سىلەرگە ئىمان ئاساسلىرىنىڭ 2 ـ تۈرى بولغان «پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش» توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكچىمىز.

ئاللاھنىڭ بىر تۈرلۈك ئىتائەتمەن، ھۆرمەتلىك بەندىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار پەرىشتىلەردۇر. پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

شۇنداق بولغان ئىكەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە شەكسىز ھەم شەرتسىز ئىشىنىشى پەرزدۇر.

پەرىشتىلەر توغرىلىق مەلۇماتلار قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا كىتابلاردا ناھايىتى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە مەزمۇنلار ئارقىلىق پەرىشتىلەرگە بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز.

## 1. پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلغان ۋاقتى ئېنىق بايان قىلىنمىغان، ئەمما «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇنۇ ئايەتتىكى بايانلاردىن پەرىشتىلەرنىڭ بىز ئىنسانلاردىن ئىلگىرى يارىتىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّيْ جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيْفَةً﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 30 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئادەمنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلغانلىقىدىن مەلۇمكى پەرىشتىلەر بىز ئىنسانلاردىن ئىلگىرى يارىتىلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ كېلىش مەنبەسى

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، بىز ئىنسانلار تۇپراقتىن يارىتىلغىنىمىزغا ئوخشاش، پەرىشتىلەرمۇ نۇردىن يارىتىلغان.

پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقىغا دەلىل:

[ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «خُلِقَتِ الْمَلاَئِكَةُ مِنْ نُوْرٍ وَخُلِقَ الْجَانُّ مِنْ مَارِجٍ مِّنْ نَارٍ وَخُلِقَ آدَمُ مِمَّا وُصِفَ لَكُمْ». رَوَاهُ مُسْلِمٌ ]

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار بولسا ئوتنىڭ ئۇچقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم بولسا سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن (يەنى تۇپراقتىن) يارىتىلدى». مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

پەرىشتىلەر بىز ئىنسانلارغا ئوخشاش يەپ-ئىچىدىغان، ئۇخلايدىغان مەخلۇق ئەمەس. ئۇلار ھەم ئەركەك ۋە چىشى جىنس دەپمۇ ئايرىلمايدۇ.

## 2. پەرىشتىلەرنىڭ قىياپىتى

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە پەرىشتىلەرنىڭ قىياپىتى ھەققىدە ئۇلارنىڭ قاناتلىق بولىدىغانلىقى، بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى، ھەرخىل شەكىلدە ئۆزگىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە بەزىلىرىنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسى ئارىلىقىنىڭ 700 يىللىق مۇساپە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىق يارىتىلغانلىقى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَاعِلِ الْمَلاَئِكَةِ رُسُلًا أُوْلِي أَجْنِحَةٍ مَّثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ يَزِيْدُ فِي الْخَلْقِ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللّٰهَ عَلىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ﴾

﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ (35 ـ سۈرە/فاتىر 1 ـ ئايەت).

بۇ نۇقتا ھەم تۆۋەندىكى ھەدىستىمۇ بايان قىلىنغان:

[ رَأَى رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهِ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جِبْرِيْلَ فِي صُوْرَتِهِ ، وَلَهُ سِتُّ مِئَةُ جَنَاحٍ، كُلُّ جَنَاحٍ مِنْهَا قَدْ سَدَّ الأُفُقَ (رواه البخاري) ]

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ھەر بىر قانىتى ئۇپۇقنى ئالەمنى يېپىپ تۇرغان **600** قاناتلىق ھالىتىدە كۆردى».

مانا بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى ھالىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇشۇنداق ھالىتىدە ئىككى قېتىم كۆرگەن.

## 3. پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىيىتى

پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُوْنَ ۝ لَا يَسْبِقُوْنَهُ بِالْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُوْنَ ۝ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيْهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُوْنَ، إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾ (صدق الله العظيم)

﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھقا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾ (**21** ـ سۈرە/ئەنبىيا **26~28** ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا قُوْا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيْكُمْ نَارًا وَقُوْدُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُوْنَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُوْنَ مَا يُؤْمَرُوْنَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (66 ـ سۈرە/تەھرىم 6 ـ ئايەت).

## 4. پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك پەرىشتىلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدىن:

بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ سەردارى بولغان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بولسا ۋەھىيگە مەسئۇل؛

مىكائىل ئەلەيھىسسالام بولسا شاماللارنى قوزغاپ، بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشكە مەسئۇل؛

ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام بولسا قىيامەت بولىدىغان ۋە بەندىلەرنىڭ قايتا تىرىلىدىغان ۋاقتىدا سۇر چېلىشقا مەسئۇل؛

ئەزرائىل (مەلىكۇل مەۋت) ئەلەيھىسسالام بولسا جان ئېلىشقا مەسئۇل؛

رىزۋان بولسا جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتە؛

مالىك بولسا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتە؛

ئانىلارنىڭ (بالا ياتقۇسى)دىكى بالىلارغا مەسئۇل پەرىشتىمۇ بار بولۇپ، بالا تۆت ئايلىق بولغاندا ئاللاھ تائالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ قورساقتىكى بالىنىڭ رىزقى، ئەجىلى، ئەمەلى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىنى يېزىشقا مەسئۇل؛

ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار؛

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئوڭ ـ سولىدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇ كىشىنى قوغدايدىغان قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر بار.

ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار بولۇپ، بۇ پەرىشتىلەر ھەر بىر شەخس ئۈچۈن ئىككىدىن مەسئۇل

قىلىنغان، ئۇنىڭ بىرى ئوڭ مۈرىدە، يەنە بىرى سول مۈرىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى يېزىشقا مەسئۇل؛

مۇنكىر ۋە نەكىردىن ئىبارەت قەبرىگە مەسئۇل قىلىنغان پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئىنسان ئۆلۈپ قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا سوئال سوراشقا مەسئۇل؛

ئاللاھ تائالانىڭ يەنە شۇنداق پەرىشتىلىرى باركى، ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، مۇشۇنداق كاتتا سورۇنلارنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان سىلەردەك ياخشى، سالىھ ئۆتكەن كىشىلەرگە خۇش-خەۋەر يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ، مۇشۇنداق سورۇنلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇلارغا دۇئا قىلىشقا مەسئۇلدۇر.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِذَا أَحَبَّ اللَّهُ الْعَبْدَ نَادَى جِبْرِيْلَ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ فُلَانًا فَأَحْبِبْهُ فَيُحِبُّهُ جِبْرِيْلُ فَيُنَادِيْ جِبْرِيْلُ فِي أَهْلِ السَّمَاءِ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ فُلَانًا فَأَحِبُّوهُ فَيُحِبُّهُ أَهْلُ السَّمَاءِ ثُمَّ يُوْضَعُ لَهُ الْقَبُولُ فِي الْأَرْضِ» (رواه البخاري) ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: [ھەقىقەتەن ئاللاھ پالانى بەندىنى ياخشى كۆردى سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆر] دەيدۇ، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسمان ئەھلى بولغان پەرىشتىلەرگە جاكارلاپ : [ئاللاھ تائالا پالانى بەندىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇ بەندىنى ياخشى كۆرۈڭلار] دەيدۇ، ئاسمان ئەھلى بولغان پەرىشتىلەرمۇ ئۇ بەندىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئاندىن زېمىندىكى كىشىلەرمۇ ئۇ بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ».

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ وَأَبِي سَعِيْدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا، أَنَّهُمَا شَهِدَا عَلَى رَسُولِ

اللّهِ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ: «مَا مِنْ قَوْمٍ يَذْكُرُوْنَ اللّهَ إِلَّا حَفَّتْ بِهِمُ الْمَلَائِكَةُ، وَغَشِيَتْهُمُ الرَّحْمَةُ، وَنَزَلَتْ عَلَيْهِمُ السَّكِينَةُ، وَذَكَرَهُمُ اللّهُ فِيمَنْ عِنْدَهُ» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ ئىككەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھنى ئەسلەيدىغان جامائەتلا بولىدىكەن، ئۇلارنى پەرىشتەلەر ئورىۋالىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ ۋە ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز يېنىدىكى پەرىشتەلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى كۆرگەن. (تىرمىزى)

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ الله عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ:

«إِنَّ لِلَّهِ تَعَالَى مَلاَئِكَةً يَطُوْفُوْنَ فِي الطَّرِيْقِ يَلْتَمِسُوْنَ أَهْلَ الذِّكْرِ، فَإِذَا وَجَدُوْا قَوْمًا يَذْكُرُونَ اللّهَ تَنَادَوْا: هَلُمُّوا إِلَى حَاجَتِكُمْ، فَيَحُفُّونَهُمْ بِأَجْنِحَتِهِمْ إِلَى السَّمَاءِ الدُّنْيَا ... وَفِي آخِرِهِ فَيَقُول اللّهُ عَزَّ وَجَل: أُشْهِدُكُمْ أَنِّي غَفَرْتُ لَهُمْ. فَيَقُول مَلَكٌ مِنَ الْمَلاَئِكَةِ: فِيهِمْ فُلاَنٌ لَيْسَ مِنْهُمْ، إِنَّمَا جَاءَ لِحَاجَةٍ، قَال: هُمُ الْجُلَسَاءُ لاَ يَشْقَى جَلِيسُهُمْ». (متفق عليه) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى ئەھلىنى ئىزدەپ يوللارغا مەسئۇل پەرىشتەلىرى بولۇپ، ئۇلار زىكرى ئەھلىنى تاپقان ۋاقىتتا [ ھاجىتىڭلارنى ئورۇنلاشقا تېز كېلىڭلار ] دەپ ئۆز-ئارا توۋلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنى ئەسلەۋاتقان زىكرى ئەھلىنى دۇنيا ئاسمىنىغىچە قاناتلىرى بىلەن ئورىۋالىدۇ... ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: [ئى پەرىشتەلىرىم، گۇۋاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتتىم]. شۇ ۋاقىتتا پەرىشتەلەرنىڭ ئىچىدىن بىر پەرىشتە: [ئى ئاللاھ! ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە سېنى ئەسلەش ئۈچۈن ئەمەس ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشى ئۈچۈن كەلگەن بىرەيلەن بار] دېگەندە، ئاللاھ تائالا: [ئۇلارنىڭ ھەممىسى سورۇنداش، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلمەيدۇ] دەيدۇ».

يۇقىرىقى بايانلار بولسا بەزىبىر ئەقىلسىز، نادان كىشىلەر

ئويلىغاندەك پەرىشتىلەرنىڭ خىيالى، مەۋھۇم نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلۇقى ئېنىق مەخلۇقات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز پەرىشتىلەر ھەققىدىكى پەقەت ئاز بىر قىسىم مەلۇماتلار بولۇپ، بىز تېخى خەۋەر تاپمىغان ھەرخىل ۋەزىپىدىكى، ھەر خىل سۈپەت ۋە ئەمەللەردىكى نۇرغۇن پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم.

## 5. پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ ھېكمىتى

پەرىشتىلەرگە ئىشەنگەن كىشىلەردە ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە رەھمىتىگە بولغان سېزىمى كۈچىيىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ يامان ئىشتىن يانىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىز مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا پەرىشتىگە ئىشىنىش ئۇلارنى ئاللاھقا بولغان بەندىچىلىك ھالىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. پەرىشتىلەرگە ئىشەنگۈچىلەر جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىدۇ. دوزاخقا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەر قانداق يامان ئىشلاردىن يېنىشقا تىرىشىدۇ.
پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتا ئىنساندا پەرىشتىگە ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېگەندە؟ پەرىشتەلەردە ئاللاھقا ئاسىي بولۇش خۇسۇسىيىتى بولمىغاچقا، پەرىشتىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشەنگەن ھەر بىر ئادەمدە پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەت يوقىلىشقا باشلايدۇ، ـ دە ئۇ كىشىمۇ پەرىشتە سۈپەت كاتتا كىشىلەر قاتارىغا ئۆتىدۇ.
يۇقىرىدا بىز ئاللاھ تائالانىڭ ھەر خىل تۈر ۋە ھەر خىل ۋەزىپىدىكى پەرىشتىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق، جانابى ئاللاھ بارچە نەرسىلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە بىلىپ تۇرۇقلۇق، بۇنداق ھەر خىل ۋەزىپىدىكى پەرىشتىلەرنى يارىتىشىدا بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەر بولۇشى ئېنىق.

بولۇپمۇ مۇشۇ پەرىشتىلەر ئىچىدە بىز ئىنسانلاردىن ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدا ئايرىلمايدىغان (كىرامەن كاتىبىينغا ئوخشاش) ھۆرمەتلىك خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەردىن ئىبارەت ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى يارىتىشىدىكى ھېكمەت ھەر بىرىمىزنى ئالاھىدە ئويلاندۇرماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە!

ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەنە ئاشۇ خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەرنى يارىتىشىدىكى ھېكمەت زادى نېمە؟

بىز ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە بەزى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېكمىتىنى بىلىمىز ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپىنچە نەرسىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىكى ھېكمەتنى بىلمەيمىز.

جانابى ئاللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي وَمَا أُوتِيتُم مِّن الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى رەببىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن﴾ (17 ـ سۈرە/ئىسرا **85** ـ ئايەت).

ئەگەر بىزدىن بىر كىشى جانابى ئاللاھنىڭ تۆگە، ئات، ئېشەك، ئىنسان ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنى ھەر بىرىگە خاس ۋە ئۆزىگە لايىق شەكىل سۈرەتتە يارىتىشتىكى ھېكمەت نېمە؟ دەپ سورىسا بۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى بىز بىلمەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر بەش ۋاقىت ناماز توغرىسىدىكى، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت، پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكەت، دىگەر نامىزىنىڭ تۆت رەكەت، شام نامىزىنىڭ ئۈچ رەكەت، خۇپتەن نامىزىنىڭ تۆت رەكەت ۋە ئۇندىن باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ھېكمەتلەرنى سورىسا، بۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى بىز بىلمەيمىز.

يۇقىرىقىغا ئوخشىغان كائىناتتىكى كۆپلىگەن نەرسىلەر ۋە شەرىئەتتىكى بەزى پىرىنسىپلارنىڭ ھېكمىتى بىزگە نامەلۇم.

بىزنىڭ كائىناتتىكى بەزى مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى ۋە شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان بەزى ئەھكاملارنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولغىنىمىز، جانابى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر. بەزىلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى بىلمىگەنلىكىمىز ياكى بىلدۈرۈلمىگەنلىكىمىز تۈپەيلى بىزگە ئاللاھنىڭ پەزلى كاملاپ قالغان بولمايدۇ.

يۇقىرىقى سوئالنىڭ جاۋابىغا قايتساق: جانابى ئاللاھنىڭ ھەر-بىرىمىزنىڭ نېمە ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمىزنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن كىرامەن-كاتىبىنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

ئۇنىڭدىكى ھېكمەت: جانابى ئاللاھ ھەرقانداق نەرسىنى سىستېمىلىق ۋە ناھايىتى مۇستەھكەم قىلىپ ياراتقان، ئىنساندىن ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى، جانابى ئاللاھ ئۇ بەندىسىنىڭ قانداق شەكىلدە ئىش-ھەرىكەت سادىر قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان بارلىق سۆز-ھەرىكەتلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان.

بۇنىڭ مەنىسى، جانابى ئاللاھنىڭ چەكسىز كامالەت ئىگىسى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك ھاياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى ساقلاشقا ۋە ھىمايە قىلىشقا قادىر پەرۋەردىگار ئىكەنلىكى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى سىستېمىلىق ۋە مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.①

**1. مۇلاھىزە:**

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ

① پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ پەتىۋالار توپلىمى 1-توم 121-بېتىدىن ئېلىندى.

مَا لاَ تَعْلَمُوْنَ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 30 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سورىغان سوئالى پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئىچى تارلىق قىلغانلىقى ياكى ئاللاھقا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان دەپ چۈشىنىش ئىنتايىن خاتا چۈشەنچىدۇر.

چۈنكى پەرىشتىلەر بولسا يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىتائەتچان بەندىلەر بولۇپ، ئاللاھقا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشتىنمۇ ئەيمىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە پەرىشتىلەرنىڭ سالاھىيىتى دېگەن بۆلەكتە ئۆگىنىپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا پەرىشتىلەرنىڭ يۇقىرىقى سوئاللارنى سورىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟

پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ھەر قانداق ئىشنى قىلسا ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان زات ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار قان تۆكۈش، پاساتچىلىق قىلىشتەك تەبىئەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەم ئەۋلادىنى زېمىندا خەلىپە قىلىشتا ئاللاھنىڭ قانداق ھېكمىتى بارلىقىغا قىزىقىپ شۇنداق سوئال سورىغان. دېمەك بۇ سوئالدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ ئادەم يارىتىش ۋە ئۇنى خەلىپە قىلىشتىكى ھېكمەت سىرلىرىغا قىزىقىش، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىتىگە بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلەش ئىبارەت... 

ئاللاھ بۇ ھەقتىكى ھېكمەتلەرنى پەرىشتىلەرگە رېئاللىقتىكى ۋەقەلەردىن ئەينەن كۆرسىتىش ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا ئاسماننىڭ پەردە ـ توساقلىرىنى ئېچىۋېتىپ پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىدۇ. ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ مال ـ چارۋىدا بەرىكەت ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ھەر قېتىم مىڭلىغان مال ـ چارۋىلارنى قۇربانلىق قىلاتتى (بەزى خاتىرىلەردە ھەر قېتىمدا مىڭ تۆگە قۇربانلىق قىلاتتى دېيىلىدۇ)، ئاللاھ ئۇنى يەنىمۇ سىناشنى ئىرادە قىلىپ سەكسەن ياشقا كىرگىچە بالا يۈزى كۆرمەي ئاندىن تاپقان يالغۇز ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە قىزغىن قوبۇل قىلىپ، ئەمدىلا ئىشقا يارىغۇدەك بولغان ئوغلى ئىسمائىلنى ياتقۇزۇپ بوغۇزلاشقا تەمشەلگەن چاغدا ئەنە شۇ ئاللاھقا بولغان يۈكسەك ئىخلاس ۋە ئاللاھنىڭ پەرمانىنى چىن دىلىدىن قىزغىن سۆيۈپ بەجا كەلتۈرۈشىنىڭ رىئاللىقتىكى گەۋدىلىنىشى بولغان، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان قەلبلەرگە مەڭگۈلۈك ئۈلگە بولۇپ قالغان ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ئاللاھ پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدە ئادەم ئەۋلادىنى ئىز باسار قىلىشتىكى ھېكمەتلىرىنى ئۇلارغا چۈشەندۈردى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّيْ أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّيْ أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِيْ إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِيْنَ﴾

﴿ئۇ (يەنى ئىسمائىل) ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسىز»﴾ (37 ـ سۈرە/سافافات 102 ـ ئايەت).

روزىدار ئادەم ئىپتارغا يېقىن ئىپتارلىقنى داستىخانغا تەييار قىلىپ، ئىپتار ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىدا ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىسىنىڭ

ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھالىتىنى پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىپ كۆرسەتتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئادەمنى خەلىپە قىلىشتىكى ھېكمەتلىرىنى ئۇلارغا چۈشەندۈردۇ.

2. مۇلاھىزە:

ئاللاھ تائالا ئادەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەندىن كېيىن بارلىق پەرىشتىلەرنى ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا بارلىق پەرىشتىلەر سەجدە قىلغانلىقى، پەرىشتىلەر ئارىسىدىكى ئىبلىسنىڭ سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ ئىشلار «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قوله تعالى: ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ اسْجُدُواْ لِآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيْسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 34 ـ ئايەت).

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ، پەرىشتىلەر ئۆز تەبىئەتلىرىدىلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان بەندىلەر تۇرسا، ئۇلار ئىچىدىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلغۇچى بىراۋ (يەنى ئىبلىس) چىقىپ قالدىغۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئىبلىسنىڭ يەنى شەيتاننىڭ كېلىپ چىقىشى پەرىشتىمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەككى شەيتاننىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى پەرىشتە ئەمەس. ئۇ ئەسلىدە جىنلارغا مەنسۇپ بىر مەخلۇق ئىدى، ناھايىتى بىلىملىك ۋە قاتتىق ئابىد ئىدى. ئاللاھ ئۆزىگە خاس ھېكمەت بىلەن ئۇنى پەرىشتىلەر ئارىسىدا تۇرغۇزغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن بارلىق پەرىشتىلەرنى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە

ئىبلىسمۇ بار ئىدى) ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا ھەممە پەرىشتىلەر دەرھال ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ سەجدە قىلدى، ئىبلىس بولسا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلدى، نەتىجىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلاندى قىلىنىپ مەڭگۈگە يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى قانداق ئىرق، قانداق ساھەدىن بولۇپ كەتسۇن بىلىم ۋە تەقۋالىق بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن خارلىققا قالىدۇ.

شەيتاننىڭ ئەسلى پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى جىنلاردىن ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپسىرلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

پەرىشتىلەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

﴿ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (66 ـ سۈرە/تەھرىم 6 ـ ئايەت).

ھالبۇكى ئىبلىس پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى.

پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىستە سۆزلەپ بولدۇق). شەيتان بولسا ئوتتىن يارىتىلغان، ئوت بىلەن نۇرنىڭ تەبىئىتى ئوخشىمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە شەيتاننىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى ئۆز تىلىدىن مۇنداق بايان قىلىنغان:

﴿قَالَ أَنَا خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِنْ طِينٍ﴾

﴿ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى﴾ (7 ـ سۈرە/ئەئراف 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەرىشتىلەر بالىلىق بولمايدۇ، شەيتان بولسا بالىلىق بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاء مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ﴾

﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟

هالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر﴾ (18 ـ سۈرە/كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىبلىسنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، جىنلاردىن ئىكەنلىكىگە ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمۇ دەلىل بولالايدۇ:

قوله تعالى: ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾ (18 ـ سۈرە/كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول تۇتۇپ ماڭىدىغان پەرىشتە سۈپەت كاتتا كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغۇەيسۇن! ئامىن!

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً

وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ، وَقِنَا عَذَابَ الْقَبْرِ وَأَدْخِلْنَا الْجَنَّةَ مَعَ الْأَبْرَارِ

يَا عَزِيزُ يَا غَفَّارُ يَا رَبَّ الْعٰلَمِيْنَ.

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ

# ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى[②]

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ، الَّذِى هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِى لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللهُ وَصَلَوَاتُ اللهِ وَتَسْلِيْمَاتُهُ عَلَى رَحْمَتِهِ الْمُهْدَاةِ لِلْعَالَمِيْنَ سَيِّدِنَا وَإِمَامِنَا وَأُسْوَتِنَا وَحَبِيْبِنُا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وِمَنِ اتَّبَعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ

أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿اُدْعُ إِلِى سَبِيْلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِيْ هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيْلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ﴾

## ۋەز سۆزلەشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟

ۋەز ئېيتىش قائىدىسى، ۋەز ئېيتىش ئۇسلۇبى، ۋەز ئېيتىش تەرتىپى ۋە ماھارىتىنى ياخشى ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنى كەڭ مۇسۇلمانلارغا توغرا يەتكۈزۈشنىڭ ھەم مۇسۇلمانلارنى ھازىرقى جەمئىيەتتىكى تەرەققىياتقا ماس ھالدا ياشاپ، زامانىۋى دەۋرنىڭ تەرەققىيات سەھنىسىدە بىر كىشىلىكتىن ئورۇن ئېلىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى. شۇڭا ھەر بىر ئىمام ياكى خاتىپلاردىن، ۋائىزلاردىن كەڭ دىنىي، پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئىسلام دىنىمىزنى توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان سەۋىيەگە يېتىپ، ئۇلارنى ئاڭلىق، سەۋىيەلىك ،

---

② بېشى ئالدىنقى ساندا.

مەدەنىيەتلىك ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلاردىن قىلىش ۋە ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان قىلىش ئۈچۈن ياخشى، ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولمىغاندا، دىنىي ئىشلارنى، كۆز قاراشلارنى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئادەتتىكى سەۋىيىدە توختاپ قالغان، بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقالمايدىغان، ۋەزىيەتكە تولۇق ماسلىشالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئۇلار ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغاندىن باشقا، يەنە دەۋرىمىز مۇسۇلمانلىرى كۆتكەن ئۈمىدلەرنى يەردە قويىدۇ. شۇڭا ۋەز سۆزلەشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى دەڭسەپ بېقىشىمىزغا، بىلىم سەۋىيەيمىزنى ئۆلچەپ بېقىشىمىزغا، كەم بىلىملەرنى، ئاجىزلىق تەرەپلەرنى تولۇقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئوقۇش پۇرسىتىدىن قالغانلار ياكى ياشقا چوڭ بولغانلار ئۈمىدسىزلىنىپ، بىلىم ئىگىلەشنى تاشلىۋەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق دېگەن:

«اُطْلُبِ الْعِلْمَ مِنَ الْمَهْدِ إِلَى اللَّحْدِ»

«بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم تەلەپ قىل».

بۇ ھېكمەتلىك سۆز بىزنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملىق بىلىم ئىگىلەپ، ھەر بىر دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ياشىشىمىزنى، بىلىم ئىگىلەشنى ھەرگىز توختىتىپ قويماي، تا ئۆلگىچە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆگىنىپ تۇرۇشىمىزنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان. شۇڭا ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش، ۋەز سۆزلەپ چېنىقىش ھەر بىر ئىمام ـ خاتىپلارغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان تەلەپ، شۇنداقلا، ئىسلام دىنى مەكتەپلىرىدە تەربىيىلىنىۋاتقان، دىنىي زاتلاردا ئوقۇۋاتقان تالىپلارمۇ ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىشى، ۋەزنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ئىگىلىشى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش، ئوقۇش تاماملاش ئالدىدا كەڭ مۇسۇلمانلار

جامائىتىنى قايىل قىلالايدىغان، ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلىيەلەيدىغان ئىمام ـ خاتىپلاردىن بولۇپ چىقىشى كېرەك. ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُوْنَ لِيَنْفِرُوْا كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوْا فِي الدِّيْنِ وَلِيُنْذِرُوْا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوْا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُوْنَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾ (9 ـ سۈرە/تەۋبە 122 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئىچىدىن مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چىقىپ، دىنىي بىلىم ئىگىلەپ، ئۆز قەۋمىنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى، ئىسلامىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دېمەك، باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئىسلامىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈش مول بىلىملەرگە ئىگە، ماھارەتلىك ۋائىزلارنىڭ قايىل قىلارلىق ۋەزلىرى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىمام ـ خاتىپ، تالىبۇل ئىلىملەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەر ساھەلىرىگىچە بولغان بىلىملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىدە مۇكەممەل بىر ئىدىيەۋى كۆز قاراشنى قايىل قىلارلىق بىر تالانتنى تىكلەپ، ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەيدىغان ۋائىزلاردىن بولۇشى كېرەك. ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش جەريانىدا، ھەر بىر شەخس تۆۋەندىكى ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندە ۋائىزلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەرنى ھازىرلىيالايدۇ:

1) ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش تالىبۇل ئىلىملەرنى چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھەر خىل بىلىملىرىنى، پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ، ئىدىيەسىدە توغرا كۆز قاراشلارنى تۇرغۇزۇپ، ۋۇجۇدىدا ئېسىل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئۇلار كۆپلىگەن

تەپسىر كىتابلارنى، ھەدىس كىتابلارنى، ھەر خىل پىكىر ئېقىمدىكى كۆز قاراشلارنى، ھەر ساھەگە چېتىلىدىغان پەننىي ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە بىلىم ئىگىلىشىگە، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتالايدۇ.

2) ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش تالىبۇل ئىلىملەرگە نىسبەتەن ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەت ۋە تالانتنى ئۆستۈرۈش جەريانىدۇر، چۈنكى ۋەز سۆزلەش ئۈچۈن دىنىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلىكلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىشكە، ھەر خىل دىنىي مەزھەبلەرنىڭ پىكىر ئېقىملىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا، تەھلىل قىلىشقا، شۇنداقلا، ئەتراپلىق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئارقىلىق تالىبۇل ئىلىملەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

3) ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى ۋە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ ئەڭ ياخشى جەريانىدۇر، چۈنكى ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە چوقۇم توغرا ئىسلام ئىدىيەسى ، توغرا نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى قايىل قىلىشى، توغرا دىنىي ھېسسىيات بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىل تارىنى چېكىشى، گۈزەل تىل، سىلىق ـ سىپايە، مۇلايىم قىياپەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



www.uyghurkitap.com

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان③

### ئىمان ھەققىدە

## زيادة الإيمان ونقصه في الإسلام

### ئىسلام دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىدا ئىماننىڭ

### كۆپىيىشى ۋە ئاجىزلىششى

1. عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «اَلْإِيْمَانُ بِضْعٌ وَسِتُّونَ شُعْبَةً وَالحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الإِيْمَانِ»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدۇر، ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسى».

## المعنى العام

### ئۇمۇمى مەنىسى

الإيمان كالشجرة، تُطْلَقُ على الجذر والساق، كما تُطْلَقُ عليهما مع الأغصان والأوراق والأزهار والثمار، كذلك يُطْلَقُ الإيمانُ على التصديق بالقلب، وعليه مع

③ «المنهل الحديث في شرح الحديث»دىن ىېرىلدى.

www.uyghurkitap.com

الأعمال الصالحة، وإذا كانت الشجرة لا تؤتى أكلها، ولا يكمل نفعها إلا بما حمل جذرها وساقها، فإن الإيمان كذلك لا يكون منجيا من النار إلا بما استلزمه من صالح الأعمال.

ئىمان ــ يىلتىز ۋە غولنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاش، شۇنداقلا ئۇ (بىر تۈپ دەرەخ)كە ئاشۇ يىلتىز ۋە غول، يەنە پۇتاق، يوپۇرماق ، چېچەك ۋە مېۋىلەر بىلەن بەلگە قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئىمانغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىش ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەنكى ئۇ (يەنى ئىشىنىش) بەلگە قىلىنىدۇ، ئەگەر بىر تۈپ دەرەخ يىلتىزى ۋە غولى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەنلا مېۋىسىنى بېرىدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى تولۇقلايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىمانمۇ ئۆزى زۆرۈر دەپ ھېسابلايدىغان ياخشى ئەمەللەر بىلەنلا دوزاختىن قۇتقۇزغۇچى بولىدۇ.

وإذا كانت الشجرة تتشعب شعبا مختلفة، بعضها أغلظ من بعض وبعضها أساس لغيره، فإن الإيمان كذلك يعتمد على شهادة أن لا إله إلا الله وأن محمدا رسول الله، ثم تتدرج أوامره ومطالبه من الأهم إلى المهم، ومن المهم إلى ما هو دونه، حتى ينتهي بإزاحة الشوكة من طريق المسلمين.

بىر تۈپ دەرەخ بەزىسى بەزىسىدىن تومراق ۋە بەزىسى يەنە باشقىسىنىڭ (كۆكلەش) ئاساسى بولىدىغان خىلمۇ خىل شاخچىلارغا شاخلىنىدىغان بولسا، ئىمانمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» ـ دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە تايىنىدۇ، ئاندىن ئىمان بۇيرۇغان ئىشلار ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى ئەڭ مۇھىمدىن مۇھىمغا، مۇھىمدىن ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولغىنىغا ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن بىر تال تىكەننى ئېلىۋېتىشكەنگە قەدەر دەرىجىلەرگە ئايرىلىدۇ.

والحياء شعبة من شعب الإيمان البالغة بضعا وستين، أو بضعا وسبعين، بل هو أهم خصال الإيمان، لأنه انقباض النفس عن إتيان الفعل القبيح، فهو الباعث

والداعي لكثير من صفات الخير، وهو المانع والحاجز عن كثير من مزالق الشر والفساد.

هايا قىلىش ئىماننىڭ ئاتمىش نەچچە ياكى يەتمىش نەچچىگە يېتىدىغان شاخچىلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ، ئىماننىڭ ئەڭ مۇھىم بىر خىسلىتى. چۈنكى هايا قىلىش يامان ئىشنى قىلىشتىن كۆڭۈلنىڭ سىقىلىشىدۇر. شۇڭا ئۇ (يەنى هايا قىلىش) ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارغا ئۈندىگۈچى ۋە سەۋەب بولغۇچى، ۋە ئۇ يامانلىق، بۇزۇقچىلىققا تېيىلىپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئورۇنلاردىن قايتۇرغۇچى ۋە توسقۇچى.

## المباحث العربية

### ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر

«الإيمان» يعني الإيمان الكامل المنجي من النار.

«ئىمان» (الايمان) دوزاختىن قۇتقۇزغۇچى كامىل ئىماننى بىلدۈرىدۇ.

«بضع وستون» البضع من العدد ما بين الاثنين والعشرة على الصحيح ويجرى عليه حكم العدد، فيذكر مع المعدود المؤنث ويؤنث مع المعدود المذكر، ويبنى مع العشرة كما يبنى سائر الآحاد، فيقال: بضعة عشر رجلاً وبضع عشرة امرأة، ويعطف عليه العشرون والثلاثون إلى التسعين، ولا يقال: بضع ومائة، ولا بضع وألف.

«ئاتمىش نەچچە» (بضع وستون)دىكى «نەچچە» (بضع) پۈتۈن سانلاردىكى ئىككىدىن ئونغىچە بولغان ساندىن بولۇپ، ئۇنىڭغا هېلىقى ساننىڭ هۆكمى ئۆيغۇن كېلىدۇ. ئاياللىق جىنسى تۇردىكى سانالغۇچى بىلەن ئەرلىك جىنسى تۇرده، ئەرلىك جىنسى تۇردىكى سانالغۇچى بىلەن ئاياللىق جىنسى تۇرده كەلتۈرۈلىدۇ، ئون سانى بىلەن خۇددى بىرلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۆز ئاخىرى قاتقان هالەتتە كەلتۈرۈلگىنىدەك سۆز ئاخىرى قاتقان هالەتتە كەلتۈرۈلىدۇ،

شۇنىڭ ئۈچۈن «ئون نەچچە ئەر» دېگەن مەنىدە «بضعة عشر رجلا» ۋە «ئون نەچچە ئايال» دېگەن مەنىدە «بضع عشرة امرأة» دېيىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا يىگىرمىدىن توقسانغىچە بولغان ئونلۇق سانلار «ۋاۋ» بىلەن باغلىنىدۇ، «يۈز نەچچە» دېگەن مەنىدە «بضع ومائة»، «مىڭ نەچچە» دېگەن مەنىدە «بضع وألف» دېيىلمەيدۇ.

«شعبة» بضم الشين، أى خصلة، والشعبة فى الأصل الطائفة من الشيء ومنه شعب القبائل.

«شاخچە، پۇتاق» (شعبة): شىين ھەرپى زەممىلىك كەلگەن «شعبة» دېگەن سۆز «پۇتاق، شاخچە» دېگەن مەنىدە، «شعبة» ئەسلى مەلۇم بىر نەرسىدىن كېلىپ چىققان تارماق، تۈركۈم، توپ (الطائفة) دېگەن مەنىدە، قەبىلىلەرنىڭ تارماقلىرى (شعب القبائل) دېگەن ئاشۇ مەنىدىن بىرى.

«والحياء» وهو الاستحياء، واشتقاقه من الحياة، وهو فى الأصل تغير وانكسار يعترى الإنسان من خوف ما يعاب به أو يذم عليه، وفى الشرع خلق يبعث على اجتناب القبيح ويمنع من التقصير فى حق ذى الحق.

«ھايا قىلىش» (الحياء): ئۇيۇلۇش، تارتىنىش، خىجىل بولۇش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ «ياشاش» دېگەن مەنىدىكى «الحياة» (ھايات) دېگەن سۆزدىن ياسىلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى ئىنسان ئەيىبلىنىش ياكى سۆكۈلۈشتىن قورقۇشتىن ئىنساندا بولىدىغان ئۆزگىرىش ۋە بىئارام بولۇشتۇر. شەرىئەتتە قوللىنىلغان مەنىسى: يامان ئىشتىن ساقلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان، ھەقدارنىڭ ھەققىنى كېمەيتىشتىن چەكلەيدىغان بىر خىل ئەدەپ ئەخلاقتۇر.

## فقه الحديث

## ھەدىسشۇناسلىق

تكلف جماعة من العلماء حصر شعب الإيمان بطريق الاجتهاد، ولم يتفقوا

على نمط واحد، فبعضهم قسمها إلى أعمال القلب معتقات ونيات، وإلى أعمال اللسان، وإلى أعمال البدن، وبعضهم أخذ يعدها سردًا، دون تقسيم وبعضهم ذهب إلى أن العدد أريد به التكثير دون التحديد، من قبيل قوله تعالى: ﴿إِنْ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِيْنَ مَرَّةً فَلَنْ يَغْفِرَ اللهُ لَهُمْ﴾ وقال هؤلاء : إن ذكر البضع للترقى، فيكون المعنى أن شعب الإيمان أعداد مبهمة وكثيرة، بل أكثر من الكثيرة.

بىر تۈركۈم ئالىملار ئىجتىھات ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىماننىڭ شاخچىلىرىنى زورمۇزور چەكلەپ باقتى، لېكىن، ئۇلار بىرەر تۈرگە بىرلىككە كېلەلمىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىماننىڭ تارماقلىرىنى ئېتىقاد ۋە نىيەت جەھەتتىن قەلب ئەمەللىرىگە، تىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەللەرگە ۋە تەن ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان ئەمەللەرگە بۆلدى. ۋە يەنە بەزىسى (ئىماننىڭ شاخچىلىرىنى) بۆلمەستىنلا ئۇزلۇكسىز ساناشقا باشلىدى، ۋە يەنە بەزىلەر ھېلىقى ساننى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سەن ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتىدە كەلگىنىدەك چەكلەنمەستىن كۆپلۈك ئىرادە قىلىنغان «سان» دېگەن قاراشقا كەلدى، بۇلار ئېيتتىكى: «بىر نەچچە» دېگەن مەنىدىكى «بضع»نىڭ تىلغا ئېلىنىشى يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. شۇڭا مەنا: «ئىماننىڭ شاخچىلىرى مەۋھۇم ۋە كۆپ سان ـ ساناق بولۇپ قالماستىن بەلكى كۆپتىنمۇ كۆپراق» ـ دېگەن بولىدۇ.

والحق أن محاولة حصر شعب الإيمان محاولة غير سليمة من النقد فالبعض يمكن إدخاله فى البعض، كما يمكن عده مستقلا، وكل من تكلف حصر الشعب لم يخل من الاعتراض، ولا يقدح عدم معرفة حصر الشعب على التفصيل فى الإيمان، إذ أمرها يحتاج إلى توقيف، وكل ما بينه رسول الله صلى الله عليه وسلم أعلى هذه الشعب وأدناها كما ثبت فى الصحيح «أعلاها لا إله إلا الله وأدناها إماطة الأذى

عن الطريق والحياء من الإيمان».

ئىمانىنىڭ شاخچىلىرىنى (مەلۇم چەكتە) چەكلەشكە ئۇرۇنۇش تەنقىدتىن خالى بولغىلى بولمايدىغان بىر ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت. ئىمانىنىڭ بىر قىسىم شاخچىلىرى يەنە بەزىلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىشى مۇمكىن؛ شۇنداقلا مۇستەقىل سانىغىلىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئىمانىنىڭ شاخچىلىرىنى (مەلۇم چەكتە) زورمۇزور چەكلىمەكچى بولغان ھەر بىر كىشى رەت قىلىنىشتىن خالى بولالمايدۇ، ئىمانىنىڭ شاخچىلىرىنى تەپسىلىي ھالدا (مەلۇم چەكتە) چەكلەشنى بىلمەسلىكىمۇ ئەيىبلىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئىمانىنىڭ شاخچىلىرىنىڭ ئىشى بايان قىلىنىشقا ھاجەت بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ شاخچىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بىلەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. ئۇ خۇددى سەھىھ ھەدىسلەردە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگىنىدەك: «ئىمانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ـ دېيىش ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى: يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يېتىدىغان نەرسىنى ئېلىپ تاشلاش؛ ھايا قىلىش ـــ ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن».

وفى بعض روايات الصحيح «الإيمان بضع وسبعون شعبة» وبعضهم رجح عليها رواية «بضع وستون شعبة» لأنه العدد المتيقن فى الروايتين، وهذا كله مبنى على أن العدد مقصود محدد، أما من يرى أن العدد هنا للتكثير غير مراد تحديده فلا إشكال فى اختلاف الروايات.

بەزى سەھىھ ھەدىس رىۋايەتلىرىدە «ئىمان ـــ يەتمىش نەچچە شاخچە» دەپ كەلگەن؛ بەزىلەر «ئاتمىش نەچچە شاخچە» دەپ رىۋايەت قىلىشنى ئارتۇق كۆردى، چۈنكى ئۇ (ئاتمىش نەچچە دېگەن سان) ئىككىلا رىۋايەتتە ھەقىقىي ئىشىنىلگەن ساندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساننىڭ بىر مەقسەت قىلىنغان ۋە ئۇ چەكلىنىلگەن (سان) ئىكەنلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئەمما ھەدىستىكى ساندىن چەكلەش ئىرادە قىلىنماستىن بەلكى ئۇ

كۆپلۈك ئۇچۇن كەلگەن دەپ قارايدىغانلارغا كەلسەك رىۋايەتلەردىكى ئوخشىماسلىقتا ھېچبىر مۇرەككەپلىك يوق.

فإن قيل: رب حياء يمنع عن قول الحق أو فعل الخير، كأن يحجم صاحبه عن الأمر بالمعروف والنهى عن المنكر، فكيف يكون مثل هذا شعبة من الإيمان؟ قلنا: إن مثل هذا ليس بحياء شرعى، بل عجز ومهانة، وإنما تسميته حياء من إطلاق بعض أهل العرف، من حيث إنه انقباض من خوف أن يذم، فهو يشبه الحياء وليس بحياء شرعى، فالحياء الشرعى خير كله والحياء الشرعى لا تأتى إلا بخير، فالتغير والانكسار الذى يعترى الإنسان من خوف ما يعاب عليه منه الشرعى الممدوح الموصوف بالسكينة والوقار، ومنه المذموم غير الشرعى.

«ئېھتىمال ھايا قىلىش ھەق سۆزلەش ياكى ياخشى ئىشنى قىلىشتىن چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك ئۇ ھايا قىلغۇچىنى ياخشىلىقتا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتىن توسۇپ قويۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قانداقمۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسى دېگىلى بولسۇن» ـ دېيىلسە، بىز دەيمىزكى: بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھايا قىلىش بولماستىن بەلكى ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىق، ئۇنىڭ «ھايا» دەپ ئاتىلىشى ــــ بەزى ئاتالغۇشۇناسلارنىڭ بىر خىل ئاتىشى. ئۇ (ئىشلار)مۇ ئەيىبلىنىشتىن قورقۇپ، كۆڭۈل سىقىلىشىدۇر. شۇڭا ئۇ (سىقىلىش) ھايا قىلىشقا ئوخشايدۇ، ئۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان ھايا قىلىش ئەمەس، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان ھايا قىلىش ھەممىسى ياخشى بولغان ھايا قىلىشتۇر. شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان ھايا پەقەت ياخشىلىقنىلا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەيىبلىنىشتىن قورققانلىقتىن ئىنساندا بولىدىغان ئۆزگىرىش ۋە سىقىلىشنىڭ بىر قىسمى ئېغىر بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن سۈپەتلەنگەن ماختاشقا لايىق بولغان شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغىنى؛ يەنە بىر قىسمى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەيىبلىنىدىغانلىرى.

فإن كان الانقباض عن محرم فهو واجب، وإن كان عن مكروه فهو مندوب، أما الانقباض عن واجب أو مندوب فليس حياء شرعيا، ومنه انكسار النفس وانقباضها عن السؤال في العلم مع الحاجة إلى السؤال.

قىسىلىپ ئۇيۇلۇش چەكلەنگەن ئىشتىن بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ زۆرۈر بىر ئىش (الواجب)، ئەگەر ئۇ ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشتىن بولغان بولسا ئۇنداقتا ئۇ قىلىشقا ئۈندىلىدىغان ئىش (المندوب)، ئەمما قىسىلىپ ئۇيۇلۇش زۆرۈر ياكى قىلىشقا ئۈندىلىدىغان ئىشتىن بولغان بولسا ئۇ شەرئەتكە ئۇيغۇن هايا قىلىش ئەمەس، شۇنىڭدەك ئىلىم ئۆگىنىشتە سوئال سوراشقا ئېهتىياجلىق تۇرۇقلۇقمۇ سوئال سوراشتىن كۆڭۈلنىڭ سۇغۇشى ۋە قىسىلىشىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن.

والحياء الشرعي درجات. أعلاها أن يستحي المتقلب في نعم الله أن يستعين بها على معصيته، وفيه يقول صلى الله عليه وسلم لأصحابه «استحيوا من الله حق الحياء» قالوا: إنا نستحي والحمد لله، فقال : «ليس ذلك، وإنما الاستحياء من الله تعالى حق الحياء أن تحفظ الرأس وما حوى، والبطن وما وعى، وتذكر الموت والبلى، فمن فعل ذلك فقد استحيا من الله حق الحياء».

شەرئەتكە ئۇيغۇن هايا قىلىش بىرقانچە دەرىجە (گە ئايرىلغان)، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئاللاھ ئاتا قىلغان نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولغۇچىنىڭ (شۇ نېئمەتلەردىن) گۇناھ ئىشلىرىدا پايدىلىنىشتىن ئۇيۇلۇشىدۇر، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلىڭلار»، ساھابىلەر: «ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بىز ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلىمىز» ـ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلىش ئۇ (سىلەر دېگەندەك) ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي ھايا قىلىش ــ سېنىڭ باشنى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنى ساقلىشىڭ، قورساقنى ۋە ئۇنىڭغا قاچىلانغان نەرسىلەرنى ساقلىشىڭ، ئۆلۈمنى ۋە بالا ـ قازانى

ئەسلىشىڭدۇر، كىمكى ئاشۇنداق قىلىدىكەن، ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

## ويؤخذ من الحديث

### ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ

1. تفاوت مراتب الإيمان؛
ئىمان دەرىجىلىرىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى؛

2. أن الأعمال مع انضمامها إلى التصديق داخلة فى مسمى الإيمان؛
چىن قەلبىدىن راست دەپ ئىشىنىشكە قوشۇلۇپ كەلگەن ئەمەللەر ئىمان ئاتىلىشىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغانلىقى؛

3. الحث على التخلق بالحياء؛
ھايالىق بولۇش بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ئۈندەش.

## الأسئلة

### سوئاللار

1. اشرح الحديث بأسلوبك مصورا تشبيه الإيمان بشجرة مثمرة مبرزا هدفه وأثره فى المجتمع الإسلامي.
ھەدىسنى ئىماننى مېۋىلىك بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن ۋە ئۇنىڭ نىشانىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتكە بولغان تەسىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا چۈشەندۈرۈڭ.

2. وما المقصود بالإيمان فى الحديث؟
ھەدىستىكى ئىماندىن مەقسەت قىلىنغىنى نېمە؟

3. وما هو البضع فى العدد؟
سان تەركىبىدە كەلگەن «البضع» نېمە (سۆز)؟

4. وما حركة الباء فيه؟
«البضع»دىكى «ب»نىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى نېمە؟
5. وما حكمه تذكيرا وتأنيثا وتركيبا وعطفا؟
«البضع» سۆزىنىڭ ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنسى تۈردە، بىرىكىپ ۋە باغلىنىپ كېلىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟
6. وما هى الشعبة فى الأصل؟ وما المراد منها هنا؟
«شاخچە» (الشعبة) سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى نېمە؟ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت نېمە؟
7. وما هو الحياء فى اللغة؟ وما هو فى الشرع؟
«ھايا»نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى نېمە؟ شەرىئەتتىكى مەنىسى نېمە؟
8. وماذا تعرف عن محاولات العلماء لحصر شعب الإيمان؟
ئالىملارنىڭ ئىمان شاخچىلىرىنى (مەلۇم چەكتە) چەكلەشكە ئۇرۇنۇشلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟
9. وماذا ترجح فى شأن العدد؟
ساناق ئىشىدا سىز نېمىنى ئارتۇق كۆرىسىز؟
10. وكيف توفق بين رواية "بضع وستون" ورواية "بضع وسبعون"؟
«ئاتمىش نەچچە» دەپ رىۋايەت قىلىش بىلەن «يەتمىش نەچچە» دەپ رىۋايەت قىلىشىنىڭ ئارىسىنى قانداق ماسلاشتۇرىسىز؟
11. جاء فى الصحيح «الحياء خير كله» فماذا تقول فى حياء يمنع صاحبه فى الأمر بالمعروف ومن السؤال الضروري فى العلم؟ وضح القول فى ذلك واذكر ما يؤخذ من الحديث؟
سەھىھ ھەدىستە «ھايانىڭ ھەممىسى ياخشى» دەپ كەلدى. سىز ھايا قىلغۇچىنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇشتىن، ئىلىم ئېلىشتا زۆرۈر سوئال سوراشتىن توسۇپ قويىدىغان ھايا قىلىش ھەققىدە نېمە دەيسىز؟ ئاشۇ ھەققىدە ئېنىق سۆزلەڭ ۋە ھەدىستىن ئېلىنىدىغانلارنى سۆزلەپ بېرىڭ.

## شرح الكلمات

| | |
|---|---|
| كِتَابُ الْإِيْمَانِ / مَكْتُوْبُ الْإِيْمَانِ: | ئىمان ھەققىدە (يېزىلغان باyanلار) |
| فِي الْإِسْلاَمِ / فِي مَبَادِي الْإِسْلاَمِ وَغَايَاتِهِ: | ئىسلام دىنى قائىدە-پىرىنسىپلىرىدا |

### المعنى العام

| | |
|---|---|
| اَطْلَقَ كَذَا عَلىٰ كَذَا / جَعَلَهُ عَلاَمَةً لَهُ: | ...نى ...نىڭ بىر ئالامىتى قىلدى، بەلگىسى قىلدى |
| تُطْلَقُ (اَلشَّجَرَةُ) عَلَى الْجِذْرِ وَالسَّاقِ (مَجْهُوْلٌ): | ئۇ (دەرەخ) كە يىلتىز ۋە غول بىر بەلگە قىلىنىدۇ |
| كَمَا تُطْلَقُ (اَلشَّجَرَةُ) عَلَيْهِمَا مَعَ ... (مَجْهُوْلٌ): | شۇنداقلا ئۇ (دەرەخ) كە ئۇ ئىككىسى بىلەن ... بەلگە قىلىنىدۇ |
| يُطْلَقُ الْإِيْمَانُ عَلىَ التَّصْدِيْقِ بِالْقَلْبِ: | ئىمانغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىش بىر بەلگە قىلىنىدۇ |
| اِسْتَلْزَمَهُ / عَدَّهُ لاَزِمًا: | زۆرۈر دەپ ھېسابلىدى |
| لاَ ... إِلاَّ بِمَا اِسْتَلْزَمَهُ مِنْ صَالِحِ الْأَعْمَالِ: | زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان ياخشى ئەمەللەر بىلەنلا... |
| تَشَعَّبَ الزَّرْعُ / صَارَ ذَا شُعَبٍ أَوْ فُرَقٍ: | پوتاقلىدى، شاخلىدى |
| تَدَرَّجَ الشَّيْءُ / جُعِلَ دَرَجَاتٍ: | بىر قانچە دەرىجە قىلىندى، دەرىجىلەرگە ئايرىلدى |
| مِنَ الْمُهِمِّ اِلَى مَا هُوَ دُوْنِهِ: | مۇھىمدىن ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولغىنىغا |
| اِنْتَهَى بِهِ ...: | بىلەن ئاخىرلاشتى، ...گە يېتىپ باردى |
| اِنْقِبَاضُ النَّفْسِ: | كۆڭۈل سىقىلىش |

| | |
|---|---|
| اِتْيَانُ الْفِعْلِ الْقَبِيْحِ: | يامان ئىش قىلىش |
| بَاعِثٌ / سَبَبٌ دَافِعٌ: | تۈرتكىلىك سەۋەب، تۈرتكە بولغۇچى |
| دَاعٍ / سَبَبٌ: | سەۋەب، سەۋەب بولغۇچى |
| مَانِعٌ / عَائِقٌ: | توسقۇچى، قايتۇرغۇچى |
| حَاجِزٌ / فَاصِلٌ بَيْنَ الشَّيْئَيْنِ: | توسقۇچى |
| مَزْلَقَةٌ ج مَزَالِقُ / مَكَانُ الزَّلْقِ: | تېيىلغاق يەر، تايىدىغان ئورۇن |
| مَزَالِقُ الشَّرِّ وَالْفَسَادِ: | يامانلىق ۋە بۇزۇقچىلىققا تايىدىغان ئورۇنلار |

## المباحث العربية

| | |
|---|---|
| صَحِيْحٌ (عَدَدٌ صَحِيْحٌ) / بِلاَ كَسْرٍ: | پۈتۈن سان |
| على الصحيح : | پۈتۈن ساندىكى |
| أَجْرَى عَلَيْهِ كذا / أدامه له: | ...نى ...گە راۋان قىلىپ بەردى، ئۇيغۇنلاشتۇردى. |
| يُجْرَى عليه حكم ...: | ...غا ...ھۆكۈمى ئۇيغۇن كېلىدۇ. |
| سَائِرُ الآحادِ : | بىرلىكلەرنىڭ كۆپۈنچىسى. |
| خَصْلَةٌ / طَرَفُ الغُصْنِ الرَطِبِ: | چىۋىق، پۇتاق، نەم شاخنىڭ ئۇچى. |
| اِنْكِسَارٌ (انكسار القلب) / فتور: | كۆڭلى بۇشۇشۇش، سوغۇش |
| إِعْتَرَى هُ الأمرُ / ألَمَّ به وأصابه: | يەتتى، يولۇقتى. |
| بَعَثَهُ على كذا / حمله على فعله: | ...نى ...غا ئۈندىدى، تۈرتكە بولدى. |
| قَصَّرَ فِى الْعَطِيَّةِ / قَلَّلَهَا: | كېمەيتتى، |
| اَلتَّقْصِيْرُ فِى حَقِّ ذِى الْحَقِّ: | ھەقدارنىڭ ھەققىنى كەمەيتىش |

## فقه الحديث

| | |
|---|---|
| تَكَلَّفَ الأمرَ / تحمّله على مشقة: | ...نى زورمۇزور ... قىلدى، ... |

| | |
|---|---|
| | قىلىپ باقتى |
| نَمَطٌ / طِرَازٌ؛ نوع: | ئۇسلۇب، شەكىل، رازمىر؛ تۈر |
| سَرْدًا / مُتَتَابِعًا: | ئارقىمۇ ئارقا |
| ذَهَبَ الرِّجَالُ إِلَى أَنَّ...: | كىشىلەر ... دېگەن پىكىرگە كەلدى، ... دېگەن يەكۈنگە كەلدى. |
| من قَبِيْلِ كذا / من صنف مماثل لكذا: | ...نىڭ ئوخشاش تۈرىدىن |
| مِنْ قبيل قوله تعالى / كما في قوله تعالى: | ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكىدەك |
| غَيْرُ سَلِيْمَةٍ مِنَ النَقْدِ: | تەنقىدتىن خالى بولمىغان |
| قَدَحَ يَقْدَحُ قَدْحًا فيه / ذَمَّهُ: | ئەيىپلىدى، |
| ولا يُقْدَحُ عَدَمُ مَعْرِفَةِ حَصْرٍ...: | چەكلەشنى بىلمەسلىك ئەيىبلەنمەيدۇ. |
| وَقَّفَ الحديثَ / بيّنه: | بايان قىلدى. |
| تَوْقِيْفٌ: | بايان قىلىش. |
| أَمَاطَ الشَيْءَ / نحّاه وابعده: | يىراقلاشتۇردى، ئېلىۋەتتى. |
| أَمَاطَ الْأَذَى: | زىيان ـ زەخمەتنى يوقاتتى |
| رَجَّحَهُ على كذا / فضّله: | ئارتۇق كۆردى، ئۈستۈن كۆردى |
| تَيَقَّنَ الْأَمْرَ أو به / عَلِمَهُ وَتَحَقَّقَهُ: | ھەقىقى ئىشەندى، چوڭقۇر بىلدى، |
| مُتَيَقَّنٌ: | ئىشىنىشلىك، ئىشەنچلىك |
| مَبْنِيٌّ عَلَى أَنَّ...: | ئىكەنلىكى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن، قۇرۇلغان |
| أَشْكَلَ الأمرُ / إِلْتَبَسَ: | مۇرەككەپلەشتى، روشەن بولمىدى |
| إِشْكَالٌ / أمر يوجب التباسا في الفهم: | مۇرەككەپلىك، مۈجمەللىك، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىش |
| حَجَمَهُ عن الأمر / كَفَّهُ وصَرَّفَهُ: | توستى، چەتنەتتى |
| مَهَانَةٌ / ذُلٌّ، ضُعْفٌ: | بوشاڭلىق، ئاجىزلىق |
| أَهْلُ العُرْفِ: | ئەنئەنىچىلەر، ئاتالغۇشۇناسلار |
| مِنْ حَيْثُ إِنَّهُ: | ...غانلىقى جەھەتىدىن؛ ... |

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| | غانلىقتىن، چۈنكى ئۇ ... |
| اِنْقِبَاضٌ / تَقَلُّصٌ: | قىسىلىش |
| الحياء الشرعي: | شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھايا قىلىش، قانۇنلۇق ھايا قىلىش |
| سَكِيْنَةٌ: | ئېغىر بېسىقلىق، |
| وِقَارٌ: | تەمكىنلىك، ۋەزمىنلىك |
| مُحَرَّمٌ / ممنوع: | چەكلەنگەن ئىش |
| مَنْدُوبٌ: | هو الفعل الذي يكون راجحا على تركه فى النظر الشارع ويكون تركه جائزا |
| مەندۇب: | قىلىشقا ئۈندىلىدىغان ئىش، قىلىش تەرك ئېتىشتىن ئارتۇق كۆرۈلىدىغان، تەرك ئەتسىمۇ بولىدىغان ئىش. |
| وَاجِبٌ: | وهو ما ثبت طلبه طلبا جازما بنص قطعي الثبوت وقطعي الدلالة |
| وَاجِبٌ: | زۆرۈر، لازىم؛ مەجبۇرىيەت؛ تاپشۇرۇق؛ |
| ۋاجىب: | قەتئىي ئىشەنچلىك، كەسكىن دەلىللىك بىكىتىلمە بىلەن جەزمەن قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش. |
| اِسْتَحْيَا مِنْهُ / اِنْقَبَضَ عَنْهُ وَامْتَنَعَ مِنْهُ: | ھايا قىلدى، ئۇيالدى، خىجىل بولدى |
| تَقَلَّبَ فى النِعْمَةِ / تَصَرَّفَ فيها كيف شاء: | خالىغانچە پايدىلاندى، بەھرىمەن بولدى، بەھۇزۇر بەھرىمەن بولدى |
| أَنْ يستعين بها على معصيته: | ئۇنى (نېئمەتلەرنى) ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىدا پايدىلىنىشى |
| اِسْتَحْيُوا من الله حَقَّ الْحَيَاءِ: | ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى ھايا |

| | |
|---|---|
| | قىلىڭلار |
| حَوَى يَحْوِي الشيءَ / تَضَمَّنَ وَاشْتَمَلَ عليه: | ئۆز ئىچىگە ئالدى، |
| وَمَا حَوَى: | ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسە |
| وَعَى يَعِي وَعْيًا الشيءَ جمعه في وعاء: | ئىچىگە سىغدۇردى، قاچىلىدى، |
| بَلْوَى و بِلْيَةٌ و بِلْوَةٌ ج بِلىً / مُصِيبَةٌ: | بالا ـ قازا، مۇسىيبەت |
| ويؤخذ من الحديث: | ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ |
| اَلتَّفَاوُتُ / الاختلافُ: | پەرىقلىنىش، ئوخشىماسلىق، ئىختىلاپ |
| تفاوتُ مراتبِ الإيمانِ: | ئىمانىنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى |
| اِنْضَمَّ على الشيءِ / اِنْطَوَى عليه: | ئۆز ئىچىگە ئالدى |
| الأعمال مع انضمامها الى التصديق: | راست دەپ ئىشىنىش بىلەنكى ئەمەللەر |
| مُسَمَّى الإيمانِ: | ئىمان دەپ ئاتىلىشى |
| الحَثُّ على التَخَلُّقِ بالحياء: | ھايالىق بولۇش بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ئۈندەش |
| وَفَّقَ بين الأشياء المختلفة / ضَمَّهَا بالمناسبةِ: | ماسلاشتۇردى |

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجى ھەققىدە

كاتتا ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، مۆتىۋەر، دىنىي ئالىم، تونۇلغان جامائەت ئەربابى شېرىپجان دامولللا ھاجى، جامائەت ئىشلىرىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ تا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئاۋام-خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغان دىنىي زات ئىدى. ئۇ بىر ئەسىرگە يېقىنلاشقان ھايات مۇساپىسىدە، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى كەڭ جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بۇرچۇم دەپ بىلگەن، ئىنسانىي، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى بىلەن ئەل ئارىسىدا ئۈلگە تىكلەشنى مەسئۇلىيىتىم دەپ چۈشەنگەن، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، دىنى ئىشلار، مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئۆزگىچە ئوبرازى بىلەن كەڭ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان كەمتەر مويسىپىت ئىدى.

شېرىپجان دامولللا ھاجى ھىجرىيە 1336-يىلى، مىلادىيە 1915-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى توقسۇن ناھىيەسىنىڭ بازارلىق ئاقتاش مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇغوپۇر دامولللا ھاجى مەۋلەۋىيلىككە ئېرىشكەن چوڭ ئۆلىما بولۇپ، توقسۇندىكى بەش ئەۋلاد تەسىرگە ئىگە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن دىنىي ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد بوۋىلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم مەركىزى بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر بۇخارادا ھەم ھىندىستاندا ئوقۇغان.

شېرىپجان دامولللا ھاجى مانا مۇشۇنداق ئائىلىۋى مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەم دەسلەپكى تەربىيەگە ئىگە بولغان، يەنى 1924-

يىلىغىچە دادىسى ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى مەۋلەۋىدىن بىۋاسىتە تەلىم ئالغان. 1924- يىلىدىن 1932- يىلىغىچە توقسۇن بازارلىق دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، باشلانغۇچ دىنىي ئىلىم بويىچە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن . 1932- يىلىدىن 1942- يىلىغىچە توقسۇن بازارلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي ئىلىم بويىچە مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن . ئوقۇش جەريانىدا ئىگىلىگەن مول بىلىمى، يېتىلدۈرگەن ئىقتىدارى، تالانتى بىلەن مۇدەررىسلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقاچقا، تەكلىپ بىلەن بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن 100 دىن ئارتۇق تالىپقا دەرس بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە قەشقەرگە بېرىپ، شىنجاڭ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا زور تەسىرگە ئىگە بولغان «خانلىق مەدرىسە» بىلەن «ساقىيە مەدرىسە»دە 1942- يىلىدىن 1947- يىلىغىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا پۈتۈن قەشقەردىكى مەدرىسلەرنى زىلزىلىگە سالغان. 1947- يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئانا يۇرتى توقسۇنغا قايتىپ كېلىپ تاكى 1958- يىلىغىچە توقسۇن بازارلىق مەدرىسىدە مۇدەررىس بولۇپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتەك ئۇلۇغ ھەم خاسىيەتلىك ئىشقا كىرىشكەن. 1958- يىلىدىن 1966- يىلىغىچە توقسۇن بازارلىق جامەسىدە ئىمام بولغان. 1980- يىلىدىن 1983- يىلىغىچە توقسۇن بازارلىق مەدرىسىدە ئىماملىق قىلىش بىلەن بىرگە توقسۇن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1983- يىلىدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك بەيتۇلمەئمۇر (ياڭخاڭ) مەسجىدىنىڭ ئىمامى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەنىدى.

شېرىپجان داموللا ھاجى كىچىك پېئىل، كەمتەر، تۇرمۇشتا ئاددىي- ساددا، شۈكرى-قانائەتچان، ئەپۇچان بولۇپ، كىشىلەرگە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، ساخاۋەتلىك ھەم ئېسىل پەزىلەتلىك ئۆلىما ئىدى. ئۇ مەيلى توقسۇندا، مەيلى قەشقەردە، مەيلى ئۈرۈمچىدە بولسۇن كىشىلەرگە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى، بىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىنى قەدىرلىشى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىشىدىن ئىبارەت

ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ ئائىلىسىدە بىرىنچى ئۇستاز سالاھىيىتى بىلەن بالىلىرىغا تۈرلۈك ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانلىرىغا دىققەت قىلىشنى، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، تېجەشلىك بولۇشنى، شۈكرى ـ قانائەتچان بولۇپ كىبىرلىك قىلماسلىقنى، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئادەت قىلىشنى، ئاجىزلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى ئۆگەتكەن ھەم ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغان.

شېرىپجان داموللا ھاجى ئۈرۈمچى بەيتۇلمەئمۇر (ياڭخاڭ) مەسجىدىدە ئىمام بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە، جامائەتنىڭ ئىناقلىقىنى، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق روھىنى يۈكسەلدۈرگەن. 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئەسلىدىكى ياڭخاڭ مەسجىدىنىڭ كونىراپ قالغانلىقىنى، كۆلىمى كىچىك بولغاچقا جامائەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىدە شەھەر قۇرۇلۇشى كېڭەيسە، چوڭ يولغا بېسىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، مەسجىدنى ئۆزگەرتىپ سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇراجىئەت قىلىپ، جامائەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ غوللۇق جامائەت ئەرباپلىرىدىن قۇرۇلۇش ھەيئىتى تەشكىللىگەن ھەم ۋەقفە ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلارنى رازى قىلىپ ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق كۆچۈرگەن. ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقارغان، جەمئىيەتتىن ئىقتىسادىي مەبلەغ توپلىغان ھەم مەسجىد ھەيئەتلىرى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەبلەغ تەلەپ قىلغان، ئۇزۇن ئۆتمەي تەلەپ قىلغان مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن جامئە قۇرۇلۇشى 1996 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە بولغان ئالتە يىل ئارىلىقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ، بەيتۇلمەئمۇر (ياڭخاڭ) مەسجىدى قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق تاماملانغان. دېمەك، شېرىپجان داموللا ھاجى جامائەت ئىشلىرىنى ئۆز ئىشىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئەمگەك ۋە مېھنەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، خەيرلىك ئىشلارنى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلايدىغان، جەمئىيەتتە ساخاۋەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغان،

جەمئىيەت ئىناقلىقىنى، خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئۆز ئىدىيەسىنىڭ يادروسى قىلغان زات ئىدى.

شېرىپجان داموللا ھاجى زېھنى ئۇچۇق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، مەسىلىلەرگە ئىلمىي قاراپ، ئىلىم ئىگىلەش ۋە ئىلىملىك بولۇشنى دىنىي ئىشلار ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلارنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇ ھايات مۇساپىسىدىكى بارلىق مۇئامىلىلەردە دىنىي ئىشلار بىلەن پەننىي ئىشلارنى بىر-بىرىگە زىت قىلىپ قويمىغان. جامائەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆزى باشلامچى بولۇپ داۋاملىق ئۆگىنىپ تۇرغان. ئۇ توقسۇندا ئوقۇغان مەزگىلىدىلا ئەرەب، پارس تىللىرىنى، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن. قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىلمى تەۋھىد (ئىلمى كالام)، ئىلمى فىقھى، ئىلمى قۇرئان، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى مەنتىق، ئىلمى نەھۋى، ئىلمى مەئانىي، ئىلمى تەجۋىد قاتارلىق ئىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۆز مەلۇماتىنى كۆچەيتكەن. توقسۇن ۋە ئۈرۈمچىدىكى مەسجىدلەردە ئىماملىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە داۋاملىق ئۆگىنىشنى توختاتمىغان، نەتىجىدە ئۇ ئىسلام دىنى جەھەتتىكى چوڭقۇر بىلىملىرى ھەم ئۆزىگە خاس نۇتۇق ئىقتىدارى، يۇقىرى ئىستىداتى ۋە سەۋىيەسى بىلەن 1981- يىلى قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە «يۇسۇف»نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. 1984- يىلى قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشقان. ئۇ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدە ئىزدىنىپ، 1996- يىلى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا «ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1997- يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ جۇمە نامىزى ھەققىدە توختىلىپ يەنە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998- يىللىق 3- سانىدا «جۇمە نامىزى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرى جەھەتتىكى ھەم جۇمە نامىزى ھەققىدىكى بەزى مەۋھۇم بولغان، ئايدىڭ بولمىغان

قائىدە ـ تەرتىپلەرنى بىلىۋېلىشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شېرىپجان داموللا ھاجى ئۇستازلىق ھاياتىدا كۆپلىگەن شاگىرت ـ تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن، ئىلىم مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، مائارىپ ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، 1947 ـ يىلدىن باشلاپ توقسۇن ۋە باشقا جايلاردا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مائارىپ ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى چىن دىلىدىن قوللىغان، مائارىپقا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلىپ تۇرغان، مەكتەپ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرغان. قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمىغان باللارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۇرۇپ ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەملىشىپ جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر قوزغىغان. ئۇ ياش چاغلىرىدىكى كىتاب كۆرىدىغان، توختىماي بىلىم توپلايدىغان ئادىتىنى ياشىنىپ قالغاندىمۇ جارى قىلدۇرغان. ئۇ ياشلىق مەزگىللىرىدە بولسۇن ياكى قېرىلىق مەزگىللىرىدە بولسۇن ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بامداتتىن بورۇن 2~3 سائەت كىتاب كۆرۈشنى، بولۇپمۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇ ئىلىمگە، ئىلىم ئىگىلىرىگە، ئىلىم جەھەتتە مېھنەت قىلغان كىشىلەرگە چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنى قەدىرلىگەن. ئۇ كەڭ جامائەتتىن، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن تۇرمۇشتا رەتلىك ۋە پاكىزە بولۇشنى، شەخسىي ۋە ئاممىۋي تازىلىققا ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئىقتىسادچان بولۇشنى، بۇزۇپ چاچىدىغان ۋە ئىشرەتخور، شۆھرەتپەرەس، ئابرۇيپەرەس بولماسلىقنى، ھاياتتا كىبىرلىك قىلماي ئاددىي ياشاشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى بۇ خىل ئەخلاقىي مىزانلارغا بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىپ، جامائەت ئارىسىدا ھەر ساھە كىشىلىرى ئېتىراپ قىلغان بىر ئۇقۇمۇشلۇق كاتتا دىنىي زاتنىڭ ئوبرازىنى تىكلىگەن.

شېرىپجان داموللا ھاجى جامائەت ئارىسىدا ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئازارلىشىپ قالغانلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشىلاشتۇرۇپ قويغان. جامائەت ئىچىدىكى چوڭ ماجىرالارنى دىنىي شەرىئەت ۋە ئەخلاق، قانۇن ـ نىزاملار بويىچە ئۇنۇملۈك بىر تەرەپ

قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىم سەۋىيەسى بىلەن جامائەتكە مۇسۇلمانلاردىكى ناماز ئوقۇش، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش، خەير-ساخاۋەت قىلىش، مەسجىد ۋە باشقا ئىشلارغا پۇل ئىئانە قىلىش، يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە بېرىش جەھەتلەردىكى دىنىي قائىدە-ئۆلچەملەرنى چۈشەندۇرگەن ھەم ئۆرپ-ئادىتىمىز بولغان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قائىدىلىرىمىز، نىكاھ ئوقۇشتىكى دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتىكى قائىدىلەر ھەتتا كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىك بولغاندا بالىغا ئىسىم قويۇشتىكى قائىدىلەرگىچە بولغان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىكى نامۇۋاپىق ئىشلارنى تۈزىتىپ، ئۇنى ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. توقسۇنىدا، بولۇپمۇ داموللا ھاجى تۇرغان رايوندا چوڭلاردىن بىرەرسى ئالەمدىن ئۆتسە بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆز ئالدىغا نەزىر ئۆتكۈزىدىغان (ھەتتا بەزىدە 20~30 ئۆيدە نەزىر قىلىدىغان) ئادەت بار ئىدى. شېرىپجان داموللا ھاجى بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، يىغىلىپ بىرلا ئۆيدە نەزىر بېرىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. ئۆزىنىڭ ئايالى ۋاپات بولغاندا، تۇغقانلىرىنى يىغىپ تەلىم بېرىش بىلەن چوڭ ئۆيدە — بىرلا ئۆيدە نەزىر بېرىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۈلگە كۆرسەتكەنىدى.

ئۇ يەنە كەڭ جامائەتنى بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرۇش، بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزى بۇ جەھەتتە ئۈلگە ياراتقان. ئۇ مەيلى ئۇرۇمچىدە بولسۇن ياكى يۇرتى توقسۇنغا بارسۇن تېنى ئاجىز بىمارلارنى، ئىگە-چاقىسىز بىمارلارنى، قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋاي-مومايلارنى، يۇرت چوڭلىرىنى جامائەتنى تەشكىللەپ يوقلاپ تۇرغان. بولۇپمۇ نامرات كىشىلەرگە پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى تارقىتىپ بەرگەن. خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ دوستلۇق ئەلچىسى سالاھىيىتى بىلەن دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ 1981-يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلياس شېن شياۋشى ھاجى باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك

ئۆمەكنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئىسلام دۆلىتى مىسىرغا ۋە نىگېرىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ دوستلۇق زىيارىتىدە بولغان. 1984 ـ يىلى ۋە 1991 ـ يىلى ئىككى قېتىم مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ قەدىمىي ئىسلام دۆلىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە دوستلۇق زىيارىتىدە بولغان. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئەرەب ئەللىرى ۋە باشقا ئەللەردىن جۇڭگوغا كەلگەن دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىما، ئالىملارنى 50 نەچچە قېتىم كۈتۈۋالغان.

شېرىپجان داموللا ھاجى دىنىي ئىشلار ۋە جامائەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە تەشكىلنىڭ تەيىنلىگەن خىزمەتلىرىنىمۇ ياخشى ئادا قىلغان دىنىي زات ئىدى. ئۇ 1981 ـ يىلى توقسۇن ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1983 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شېرىپجان داموللا ھاجى ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار دىنىي زات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ساق ـ سالامەت ۋاقتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاغرىپ يېتىپ قالغان چاغدىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئىبادەتنى ساقىت قىلمىغان، تاھارەت ئېلىپ نورمال ناماز ئوقۇش ئىقتىدارىدىن قالغاندىن كېيىنمۇ، بىر پەتنۇسقا پاكىز توپا ئېلىپ كارۋىتى يېنىدا قويۇپ تەيەممۇم تاھارەت ئېلىپ بەش ۋاق نامازنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلگەنىدى. شېرىپجان داموللا ھاجى مەيلى دىنىي

ئىشلاردا بولسۇن مەيلى ھۆكۈمەت ۋە جامائەت ئىشلىرىدا بولسۇن تىنىمسىز ئەجىر قىلىپ ھەم زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاۋام خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە زور ئۇتۇقلىرى بىلەن كەڭ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلىگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېغىر زىيانكەشلىككە ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىن ئېتىقادى بىلەن تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئوڭشىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۆزىگە زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلاردىن قىلچە ئاغرىنمىغان ۋە «گۇناھى»دىن ئاقلىنىپ دىنىي زاتلىق ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلغان. شېرىپجان داموللا ھاجىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ۋە ھايات مېھنەتلىرىنى كۆرگەن شياڭگاڭ سۇمۇرغ تېلېۋىزيە ئىستانسىسى ئۇنى زىيارەت قىلدى ۋە 2010 ـ يىلى «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى شەيخى شېرىپجان داموللىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى» دېگەن مەخسۇس فىلىمنى دۇنياغا تارقاتتى.

يۇقىرىقى ئەمگەكلىرى ھەم پەزىلەتلىرى بىلەن زور شەرەپلەرگە ئىگە بولغان، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە مەملىكىتىمىز، شۇندقلا خەلقئارىغا تونۇلغان مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەخرى، دىنىي ئۆلىماسى مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجى كېسەل سەۋەبى بىلەن 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى (جۈمە) شىنجاڭ ۋاقتى 3:40 دا ئانا يۇرتى توقسۇندا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

مەرھۇم ئۇستازنىڭ ھاياتى ئاۋام خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يۇسۇن ۋە باشقا ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ توغرا ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغان، خەلق قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، يۇرت خەلقىگە ئاتىلىق مېھرىنى سالغان ئۇلۇغ ھايات بولغانلىقتىن ئالىمنىڭ ۋاپاتى خەلقىمىزگە ئېغىر بىر مۇسىبەتنى ئېلىپ كەلدى. ئاللاھ بۇ ئاۋامپەرۋەر ئۆلىماغا رەھمەت قىلغاي.

ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن، ئامىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى

| خۇپتەن | شام | ئەسر | پېشىن | كۈن چىقىش | بامدات | فېۋرال (2-ئاي) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 宵礼 | 昏礼 | 晡礼 | 晌礼 | 日出 | 晨礼 | 二月 |
| 6:20 | 5:22 | 2:58 | 12:30 | 7:27 | 5:54 | 1 |
| 6:21 | 5:23 | 2:59 | 12:30 | 7:26 | 5:53 | 2 |
| 6:23 | 5:25 | 3:00 | 12:30 | 7:25 | 5:52 | 3 |
| 6:24 | 5:26 | 3:01 | 12:30 | 7:23 | 5:51 | 4 |
| 6:26 | 5:28 | 3:02 | 12:30 | 7:22 | 5:50 | 5 |
| 6:27 | 5:29 | 3:03 | 12:30 | 7:21 | 5:49 | 6 |
| 6:28 | 5:30 | 3:04 | 12:30 | 7:20 | 5:48 | 7 |
| 6:30 | 5:32 | 3:06 | 12:30 | 7:19 | 5:47 | 8 |
| 6:31 | 5:33 | 3:07 | 12:30 | 7:17 | 5:46 | 9 |
| 6:32 | 5:34 | 3:08 | 12:30 | 7:16 | 5:44 | 10 |
| 6:32 | 5:34 | 3:08 | 12:30 | 7:16 | 5:44 | 11 |
| 6:35 | 5:37 | 3:10 | 12:30 | 7:13 | 5:42 | 12 |
| 6:36 | 5:38 | 3:11 | 12:30 | 7:12 | 5:41 | 13 |
| 6:38 | 5:40 | 3:12 | 12:30 | 7:10 | 5:39 | 14 |
| 6:39 | 5:41 | 3:13 | 12:30 | 7:09 | 5:38 | 15 |
| 6:41 | 5:43 | 3:14 | 12:30 | 7:08 | 5:37 | 16 |
| 6:42 | 5:44 | 3:15 | 12:30 | 7:06 | 5:35 | 17 |
| 6:43 | 5:45 | 3:16 | 12:30 | 7:05 | 5:34 | 18 |
| 6:45 | 5:47 | 3:17 | 12:30 | 7:03 | 5:33 | 19 |
| 6:46 | 5:48 | 3:18 | 12:30 | 7:02 | 5:31 | 20 |
| 6:47 | 5:49 | 3:19 | 12:30 | 7:00 | 5:30 | 21 |
| 6:49 | 5:51 | 3:20 | 12:30 | 6:58 | 5:28 | 22 |
| 6:50 | 5:52 | 3:21 | 12:30 | 6:57 | 5:27 | 23 |
| 6:51 | 5:53 | 3:22 | 12:30 | 6:55 | 5:25 | 24 |
| 6:53 | 5:55 | 3:23 | 12:30 | 6:54 | 5:24 | 25 |
| 6:54 | 5:56 | 3:24 | 12:30 | 6:52 | 5:22 | 26 |
| 6:55 | 5:57 | 3:25 | 12:30 | 6:50 | 5:20 | 27 |
| 6:57 | 5:59 | 3:26 | 12:30 | 6:49 | 5:19 | 28 |
| | | | | | | |
| | | | | | | |
| | | | | | | |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلدىكى ۋاقىت نامازغا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.